# 特别说明

此资料来自豆丁网(http://www.docin.com/)

您现在所看到的文档是使用**下载器**所生成的文档

此文档的原件位于

http://www.docin.com/p-109958617.html

感谢您的支持

抱米花

http://blog.sina.com.cn/lotusbaob

# بىلىكتىن تەرمىلەر


1. ئەرلەر بىلىشكە تېگىشلىك 8 شەرەپ، 8 نۇمۇس قارىشى..................1

2. تەمسىل..........................................................2

3.فوند دېگەن نېمە؟................................................4

4.ئىندىئانلار ھالاكىتىنىڭ باش ئاخىرى.................................10

5.تور نامىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن نىزاملار.............................27

6.بىر مائارىپ نەزەرىيىسى...........................................31

7.پەرزەنتلەرنى كىتابقا ھېرىسمەن قىلىش كېرەك........................49


www.docin.com

ئەرلەر بىلىشكە تېگىشلىك، 8 شەرەپ، 8 نۇمۇس قارىشى

يوللىغۇچى: koinlun

يوللىغان ۋاقىت: 15:21 15/3/2007

# ئەرلەر بىلىشكە تېگىشلىك، 8 شەرەپ، 8 نۇمۇس قارىشى

1 ـ ئەرلەر ھەر ئىككى تەرەپ ئاتا ـ ئانا چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش شەرەپ،

ھالىدىن خەۋەر ئالماسلىق نۇمۇس .

2 ـ ئەرلەر ـ ـ ئايالىغا سادىق بولۇش شەرەپ ،

سىرتلادا تونەپ يۈرۈش نۇمۇس .

3 ـ ئەرلەرخوتۇن بالىلىرىغا ئىگە بولۇش شەرەپ ،

كارى بولماسلىق نۇمۇس .

4 ـ ئەرلەر خوتۇن بالىلىرىغا ئۈلگە بولۇش شەرەپ ،

ئۇلارنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىش نۇمۇس .

5 ـ ئەرلەر كەيپ ـ ـ ساپاغا بېرىلمەسلىك شەرەپ ،

ئەيشى ـ ئىشرەتكە بېرىلىش نۇمۇس .

6 ـ ئەرلەر ئائىلىسىدىكىلەرنى ياخشى تەربىيگە ئىگە قىلىش،ياخشى كۆنگە ئېرىشتۈرۈش شەرەپ ،

غۇربەتچىلىكتە قويۇش نۇمۇس .

7 ـ ئەرلەر ـ ـ ـ باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش شەرەپ ،

باشقىلارنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىش نۇمۇس .

8 ـ ئەرلەر ـ ـ ـ كەلگۈسىدە ياخشى نامغا قېلىش شەرەپ ، لەنەتكە قېلىش نۇمۇس

# تەمسىل

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زاماندا ئاقىل بىر ئادەمنىڭ گۈزەل قىزى بولغانىكەن. شۇ دىلبەرگە ئىككى پەرىشتىنىڭ ئىشقى چۈشۈپتۇ. قىز ئۇلارنىڭ قايسىبىرىگە كۆڭۈل بېرىشنى بىلمەي قاپتۇ. پەرىشتىلەر قىزنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىش ئۈمىدىدە ئۆزلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. لېكىن قىز ئۇلارغا شۇنداق دەپتۇ:

— مەن يۇرت پەرزەنتى بولالايدىغان ئوغۇلغا ئانا بولۇشنى خالايمەن. شۇڭا سىلەرنىڭ ئۇنى قانداق تەربىيىلەيدىغانلىقىڭلارنى بىلىشىم كېرەك. ئەنە شۇنىڭغا قاراپ، سىزلەرگە قارارىمنى ئېيتىمەن.

— بۇ ئىش پەقەت مېنىڭ قولۇمدىنلا كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئىلىم ئۆگىتىمەن. ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيىدىن دەرس ئالىدۇ. سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەجنەبىي تىللارنى ئىگىلەيدۇ، دۇنياغا ئۆز نامىنى تارقىتىدۇ، — دەپتۇ بىرىنچى پەرىشتە.

نۆۋەت ئىككىنچىسىگە كەلگەندە، ئۇ دەپتۇ:

— ئىنسان ئۇچۇن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان بايلىق — تىل. ئانا تىل بولىدىكەن، ۋەتەن، خەلق بولىدۇ. خەلقنىڭ ئۆمۈر ئۆلچىمىنى ئۇنىڭ تىلى بەلگىلەيدۇ. دۇنيادىكى ھەممە گۈزەللىك ۋە سېھرىي كۈچ تىلدا بولىدۇ. ئىنسان ئانا ئەللىيىنى تۇنجى بولۇپ ئەنە شۇ ئانا تىلدا ئاڭلايدۇ. مەن ئوغلۇڭنى تىلغا خىيانەت قىلماسلىققا ئۆگىتىمەن. مەن ئۇنىڭغا ناخشا، چۆچەك ۋە داستانلارنى ئېيتىپ بېرىپ، سېنىڭ لاتاپىتىڭگە لاتاپەت قوشۇپ تۇرغان ئانا تىلىمىز ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشقا ئۆگىتىمەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئالىم پەرىشتە قاقاقلاپ كۈلۈپ، رەقىبىنى ئەقلى كەملىكتە

ئەيىبلەپتۇ. ئوتتۇرىدىكى تالاش-تارتىش ئاخىر جاڭجالغا ئايلىنىپتۇ.

— جېدەللەشمەڭلار، — دەپتۇ قىز، — يۇرتىمىزدا بىر ئۇلۇغ دانىشمەن بار، ئۇنىڭ يېنىغا بارىمىز، ھەممە نەرسە شۇ يەردە ھەل بولىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكۈمى مەن ئۈچۈن قانۇن.

ئۇلار ھېلىقى دانىشمەننىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇ ئارىدا بولۇپ ئۆتكەن ھەممە گەپ-سۆزنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ‹كەم ئەقىل› پەرىشتىگە دەپتۇ:

— قىز سېنى ياخشى كۆرەمدۇ-يوق، بىلمەيمەن. ئەمما ئاتىلىق شەرىپىگە سەن لايىقسەن».

(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1992-يىل 1-سان، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 2003-يىل 1-ساندىن).

docin 豆丁
www.docin.com

# فوند دېگەن نېمە؟

يوللىغۇچى: obul21c

يوللىغان ۋاقىت: 22/4/2007 19:44

فوند دېگەن نېمە؟

بۇمۇ بىر خىل مەبلەغ سېلىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئاكسىيە مەبلەغ فوندى كۆپلىگەن مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مەبلىغىنى يىغىپ، ۋاكالەتەن باشقۇرىدىغان ئورۇنغا ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ بېرىشكە بېرىدۇ(مەسىلەن بانكا قاتارلىق). مەخسۇس فوند باشقۇرۇش شىركىتى بۇ مەبلەغنى باشقۇرىدۇ ۋە ئايلاندۇرىدۇ، پايچېك، زايوم قاتارلىق ئاكسىيە ئارقىلىق پايدىغا ئېرىشىدۇ.

ئەگەر مەلۇم بىر مەبلەغ سالغۇچىنىڭ 10مىڭ يۈەن پۇل بىلەن مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىغان بولسا، بۇ پۇل ھەرگىزمۇ ئوخشىمىغان پايچېك ۋە زايوم سېتىۋېلىشقا يەتمەيدۇ، بۇنداق شارائىتتا فوند ئېلىش ئەڭ ياخشى تاللاشتۇر.

مەسىلەن: سىز بىر ئېچىۋېتىلگەن فوندىنى ئېلىشقا ئىلتىماس قىلغان بولسىڭىز، يۇقىرىقى 10 مىڭ يۈەن پۇلىڭىزدىن سېتىۋېلىش رەسمىيتى تۆلەپ قېلىنغاندىن كېيىن قالغان پۇلىڭىزغا ھېسابلاپ فوند بېرىدۇ، (تور ئارقىلىق سېتىۋالغاندا رەسمىيەت ھەققى ناھايىتى تۆۋەن، بانكا ئارقىلىق سېتىۋالسىڭىز رەسمىيەت ھەققى يۇقىرى بولىدۇ.) فوند باشقۇرۇش شىركىتى سىز سېتىۋالغان فونددىكى بارلىق مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مەبلىغىنى بىرلەشتۈرۈپ فوند مەبلىغى قۇرۇپ چىقىدۇ، ھەمدە بۇ مەبلەغلەرنى پايچېك، زايوم ۋە باشقا تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىپ پۇل تاپىدۇ، دېمەك بۇ پۇلدا سىزنىڭمۇ ھەققىڭىز بولىدۇ.

مالىيە مۇتەخەسسىسلىرى فوند مەبلىغىنى ئىشلىتىشتە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، ئادەتتە ئۇلاردا

مەبلەغ سېلىشتا يىراقنى كۆرۈش، نەزەرىيە جەھەتتە چوڭقۇر ئانالىز قىلىش ۋە پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە مول تەجرىبىگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

شۇڭلاشقا سىز فوند سېتىۋالماقچى بولسىڭىز چوقۇم فوند شىركىتى دىرېكتورى، قانداق ساھەلەرگە مەبلەغ سالغانلىقى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى داۋاملىق توردىن كۆرۈپ تۇرۇشىڭىز لازىم.

ھازىر قېرىنداش مىللەتلەر ئىچىدە فونددىغا مەبلەغ سالىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، بىزگە نىسبەتەن فوند توغرىسىدا ماتېرىيال يوق دېيەرلىك. بىراق سىز ئازراق خەنزۇ تىلى بىلسىڭىزلا خەنزۇچە توربەتلەرگە چىقىپ فوند ئەھۋالىنى كۆرۈپ مەبلەغ سالسىڭىز بولىدۇ. ئادەتتە ئەڭ تۆۋەن چەك **1000** يۈەن بولىدۇ.

بۇنىڭدا پەقەت توردا پاراڭلاشقان ۋاقتىڭىزنى قىسقارتىپ ئىقتىساد ئۇچۇرلىرى ۋە بازار ئەھۋالىنى ياخشى ئىگەللىسىڭىز ھەمدە ئالغان فوندىڭىزنىڭ بازار ئەھۋالىنى ياخشى كۆزەتسىڭىز بولىدۇ.

فوند ئېلىش ئۇسۇلى ئادەتتە ئىككى خىل بولۇپ:

بىرى، قىسقا مۇددەتلىك ئاز سوممىلىق، بۇنىڭدا خەتىرى ئاز بولىدۇ، باھاسى ئۆرلىگەن ھامان سېتىۋەتسىڭىز بولىدۇ.

يەنە بىرى، كۆپ سوممىلىق ئۇزۇن ۋاقىتلىق بولۇپ، خېيىم-خەتىرىمۇ بار، بىراق ياخشى بولسا پايدىسىمۇ كۆپ بولىدۇ.

ئادەتتە يېڭى فوندىنىڭ باشلىنىش باھاسى **1**يۈەن بولىدۇ. مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا **1000** يۈەنگە **1000** فوند بولىدۇ، ئۆسۈش ۋە چۈشۈش نىسبىتى پايچېكىدەك ئۇنچە يۇقىرى بولۇپمۇ كەتمەيدۇ،

ھازىر مەن ئېلىۋاتقانلىرى تەخمىنەن بىر ھەپتىدە **1** مو ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ، شۇنداق ھېسابلىغاندا **1000**يۈەنگە بىر ھەپتىدە **100** يۈەن بولىدۇ، ئەگەر سالغان مەبلىغىڭىز كۆپرەك بولسا پايدا ئېلىش نىسبىتىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئەگەر ئالغان فوندىڭىز چۈشۈپ كەتسە جىددىيلەشمەي سەۋر قىلىپ تۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ، كېيىن ئۆسۈش ئېھتىمالىمۇ بار.

**4**-ئاينىڭ **19**-كۈنى ئەتراپىدا بازاردا پايچېك باھاسى بىراقلا چۈشۈپ كېتىپ، نۇرغۇن كىشىلەر

ئەندىشە قىلغان ئىدى بىراق ھازىر يەنىلا ئەسلىگە كېلىۋاتىدۇ.(بۇلار پەقەت پايدىلىنىش ئۈچۈن، مەبلەغ سېلىش ۋە سالماسلىقىڭىز مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز جۇمۇ، تاسادىپىي زىيان تارتىپ قالسىڭىز مېنى ئىزدەپ كەلسىڭىز بولمايدۇ.)

ئامېرىكىنىڭ فوند شىركەتلىرى 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن باشلاپ تەرەققىي قىلغان. 2003-يىلى 7-ئايغىچە جەمئىي ئۈچۈق شەكىلدىكى فوند 8300 خىلغا يەتكەن. مەبلەغ ساپ پايدىسى ئالتە تىرىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە 70% مەبلەغ شەخسى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ. ئامېرىكا ئاھالىلىرىنىڭ ئورتاق فوندىغا سالغان مەبلىغى 1990-يىلىدىن كېيىن كۆپىيىپ ماڭغان. 1990-يىلى ئامېرىكىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار 20مىليون بولۇپ، پۈتۈن ئاھالىنىڭ 25% پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. مەبلەغ سېلىش شىركىتىنىڭ 2002-يىلى 5-ئايدىكى ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 54مىليون ئاھالە(يەنى 90مىليون شەخسى مەبلەغ سالغۇچى) فوندىغا مەبلەغ سالغان. بۇ تەخمىنەن ئامېرىكا ئاھالىسىنىڭ يېرىمىنى ئىگەلەيدۇ.

فوندىنىڭ تۈرلىرى.

فوند تەشكىللىنىش شەكلىگە ئاساسەن،شىركەت شەكىللىك فوند ۋە كىلىشىم شەكىللىك فوند دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

(有公司型基金和契约型基金两类)نۆۋەتتە دۆلتىمىزدە يولغا قويۇلۋاتقىنى ئاساسەن كېلىشىم شەكىللىك فوند.

كىلىشىم شەكىللىك فوند دىگەن نىمە؟

بۇ ھاۋالە شەكىللىك مەبلەغ سېلىش فوندى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھاۋالە كىلىشىمى ئارقىلىق تۈزۈلىدىغان فوند. يەنى بۇ فوندىدا كېلىشىم تۈزىدىغان ئاساسلىق مۇنداق ئۈچ تەرەپ بولىدۇ.يەنى فوندىنى باشقۇرغۇچى،فوندىغا كاپالەتلىك قىلغۇچى ۋە مەبلەغ سالغۇچى قاتارلىق ئۈچ تەرەپنىڭ توختام يەنى كىلىشىم ھاسىل قىلىشىدىن بولىدۇ.

فوند باشقۇرغۇچى يىغىلغان فوندىلارنى پايدىغا ئايلاندۇرغۇچىدۇر،يەنى بازار ئەھۋالىنى ئىگەللەپ ئاكتىپ تۈرلەرگە مەبلەغ سالغۇچىدۇ.(فوند سېتىۋالغاندا فوند باشقۇرغۇچىنىڭ

ئارخىپىنى تولۇق كۆرۈش، ھەمدە ئۇنىڭ ئىقتىدارىنىڭ بار يوقلۇقىغا قاراش لازىم)

يەنە بىرسى فوندىغا كاپالەتلىك قىلغۇچى ياكى فوندنى ۋاكىلىتەن باشقۇرۇپ بەرگۈچى بولۇپ، بۇلار ئاساسەن ھەرقايسى بانكىلارنىڭ قانۇنى ۋەكىللىرى. بۇلار ئاكاسىيە بىجىرىپ بىرىش،نەخ پۇل باشقۇرۇش ۋە مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بىجىرىش ئىشلىرىنى قىلىدۇ.

مەبلەغ ئىگىللىرى بۇ فوند سېتىۋالغانلارنى كۆرسىتىدۇ، بۇلار فوندنى سېتىۋالغاندىن كېيىن شۇ فوندنىڭ ئىگىللىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ،ھەمدە سالغان مەبلەغنىڭ پايدىسىدىن بەھرىمان بولىدۇ.

مىنىڭ دادام ئۆز ۋاقتىدا 华夏大盘 دىگەن فوندنى 20مىڭ يۈەنلىك سېتىۋاپتىكەن،ئادەتتە يېڭى چىققاندا بىرتېلى بىر يۈەن بولىدۇ،ئۆتكەن يىلى ساپ قىممىتى1.6 يۈەنگە چىققاندا يەنى 20 مىڭ يۈەن 32 مىڭ يۈەنگە چىققاندا،دادامنى ئالدىرىتىپ ساتقۇزىۋەتكەن،لىكىن ھازىر4.27 گە چىقىپتۇ يەنى ساپ پايدىسى 65 مىڭ يۈەندىن ئاشقان،بۇنى كىممۇ مۆلچەرلىيەلىسۇن،ئۆتكەن يىلى پاي بازىرى كۆتۈرۈلۈپ2000 نۇقتىغا چىققاندا،ئەڭ يۇقرى باسقۇچ دىيىلگەن ،لىكىن ھازىر تىز سۈرەت بىلەن كۆتۈرىلىپ3600 نۇقتىدىن ئاشتى،2008 يىلغىچە 5000 نۇقتىغا چىقىپ قالسا ناھايىتى قالتىس ئىش بولاتتى،ھازىر 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغانلار بىركۈندە ئوتتۇرا ھىساب بىلەن 1000 يۈەندىن پايدا ئېلىۋاتىدۇ،ئوشۇق مەبلىغىڭىز بولسا بانكىغا قويغىچە فوند سېتىۋلىڭ،10 پىرسەنت كۆتۈرۈلگەندە سېتىۋەتسىڭىزمۇ ئارام...

ئەمما پاي چىكى خەتەرلىك،ئېھتىيات قىلىڭ

بارلىق فوند باشقۇرۇش شىركەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ( يەنى بازارغا سالغان فوندى) نىڭ ھەر كۈنلۈك ئۆرلەش - چۈشۈش ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى ئىككى ئۇلانمىنىڭ خالىغان بىرسىدىن كۆرۈۋالسىڭىز بولىدۇ .

http://funds.eastmoney.com/fund.html

/http://www.jjjz.net

بىز 华夏大盘 فوندىنى كۆرۈپ باقايلى،4-ئاينىڭ 20-كۈندىكى ساپ قىممىتى4.2750 ، دىمەك ئادەتتىكىدەك ھېساپلاش ئېلىپ بارساق، ئەگەر سىز بۇ فوندنى 1 يۈەن ۋاختىدا سېتىۋالغان بولسىڭىز ھازىر بىر يۈەن پۇلىڭىز 4.2750 بولدى دىگەن گەپ. بۇ شىركەت ئاساسلىق ئەھۋالى ۋە مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنى بۇ يەردىن كۆرسىڭىز بولىدۇ.http://fundf10.eastmoney.com/hytz_000011.html

بۇلارمۇ ئوخشاشلا بىزنىڭ پۇلىمىز ئارقىلىق ھەرقايىسى ساھالەرگە مەبلەغ سېلىپ كىرگەن پايدىنى پۇلىمىزغا نىسبەتلەشتۈرۈپ بۆلۈپ بېرىدۇ.

بۇ يەردە بەزى ئىشلارنى ئەسكەرتىپ قويىماي بولمايدۇ . يۇقىرىقى كەلتۈرگەن مىسالدىكى 华夏大盘 فوندىنىڭ ساپ قىممىتى بىر كۈندىلا ئۆرلىگەن قىممەت ئەمەس . بۇ فوند 2004-يىلى 7-ئاينىڭ 6-كۈنى تارقىتىلغان فوند بولۇپ شۇ ۋاقىتتىن تا ھازىرغىچە ئومۇمى قىممەت ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ . يەنى بۇ فوند يېڭى تارقىتىلغان مەزگىلدە بىرسى بىر يۈەن بولسا بۇ بىر يۈەن پۇل ھازىر تۆت يۈەندىن ئېشىپ كەتتى دېگەن سۆز بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ئاز كەم ئۈچ يىل ۋاقىت كەتتى دېگەن سۆز . ئەمما ھەممىلا فوندنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۈرئەتتە ئۆسىدۇ دېگىلى بولمايدۇ ، يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان فوند ئۆسۈش سۈرئىتى تېز بولغان فوندلارنىڭ بىرسىدۇر ، بۇنى يەنە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇ پېتى ئۆسۈۋېرىدۇ دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ . ئېچىۋېتىلگەن فوند تۈرىدىن 300 گە يېقىن بولۇپ توغرا تاللاپ سېتىۋېلىش ( مەبلەغ سېلىش ) ىڭىز ئۆزىڭىزگە باغلىق ، فوند قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ( ئۆرلەپ -چۈشۈشى ) نۇرغۇن ئامىللار بىلەن بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق چېتىلىدۇ . ئەگەر بۇنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈش ئەھۋالىنى مىسالغا ئالغاندىمۇ چۈشۈش سۈرئىتى بەك بولغاندا ئۆرلەش سۈرئىتى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ياكى ئۆرلەش سۈرئىتىدىن ئاستا بولىدۇ ( خەتىرى ئاز دېگىنىمىزمۇ شۇ ). شۇڭا چۈشۈش ( قىممىتى داۋاملىق چۈشسە ياكى ئۆرلەش سۈرئىتىنى بەك ئاستا دەپ قارىسىڭىز )مەزگىلدە چېكىنىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ ، ئادەتتە يېڭى بازارغا سېلىنغان فوندنىڭ ئۈچ ئايغىچە تاقىۋېتىلگەن مۇددىتى بولىدۇ ، بۇ دېگىنىمىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان بازارغا

سېلىنغان فوند سانى چەكسىز قويۇۋېتىلگەن سان بولماستىن بەلكى مەلۇم چەك دائىرىسىدە تارقىتىلىدۇ ، پالانى ئاينىڭ پالانى كۈنىدىن باشلاپ مۇنچىنچى كۈنىگەچە مانچىلىك فوند تارقىتىلىدۇ ، دەيدۇ شۇنچىلىك ۋاقىت ئىچىدە ( ئەمىلىيەتتە مۇددەتتىن خېلى بۇرۇنلا سېتىپ تۈگىتىدۇ ، تارقىتىش پىلانى ئورۇنلانغان ھامان مۇددەتتىن بۇرۇن ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ تارقىتىش توختىتىلغانلىقىنى جاكارلايدۇ ، شۇڭا بۇنىڭ بازىرى ئىتتىك ، خەقلەر بۇنىڭ ئۈچۈن تاڭ ئاتماستىن بۇرۇنلا ئۆچىرەتتە تۇرىشۇالىدۇ . سېتىش ( يەنى تارقىتىش ) توختىتىلغان كۈندىن ئېتىۋارەن ئۈچ ئاي ئىچىدە ئەگەر شۇ شىركەتنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن ئېچىۋېتىلگەنلىك ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى بولمىسىلا مەيلى پايدا بولسۇن ياكى زىيان كۆرۈلسۇن ئېلىشقا ، چېكىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ .

شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى ، فوندمۇ ئاكسىيەنىڭ جۈڭگودىكى تازا مودا بولىۋاتقان مەبلەغ سېلىش تۈرى بولسىمۇ بۇ يەنىلا ئاكسىيەنىڭ بىر خىل تۈرى بولۇش بىلەن پايدا ـ زىيان ئوخشاشلا كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان مەبلەغ سېلىش ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا مەيلى نىمىگە مەبلەغ سالماڭ ، چوقۇم ئېھتىيات قىلىڭ ، ئاز ـ تولا ئۆگىنىڭ ! قارىغۇلارچە تەۋەككۈل قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ . پۇلنىڭ ئەقىل كۆزىنى توسىۋېلىشىدىن ھەر ۋاقىت ئېھتىيات قىلىش كېرەك !!!

بۇنىڭدا شەك بار ـ يوقلىقىنى قايسى مەيداندا تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشىڭىزگە باغلىق . مېنىڭچە بۇ ئېنىقلا شەكلىك . ئەمما جۇڭگو جەمئىيىتىدە بۇ خىل مەبلەغ تۈرلىرىگە قاتناشمىغاندا مىللەتلەر ئارا ئىقتىسادى پەرقنى چوڭايتىۋېتىدۇ ـ دە ، يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن . بۇ ھەرگىزمۇ مۇشۇنىڭغا مەبلەغ سالساڭلارلا ئىقتىسادى ئەھۋال ياخشىلىنىدۇ دېگەن گەپ ئەمەس . مۇھىمى زامان ۋە ماكان پەرقى ئاساسىدىكى ئىقتىسادى ئاڭنى يېتىلدۈرۈپ ، جۇڭگوچە ئىقتىساد ۋە بازار تەرەققىياتى يۈنىلىشىگە قارىتا توغرا تونۇشقا كېلىش مەسىلىسىدۇر .

بىر ئەمىلىيەت باركى ، بىز جۇڭگودا ياشاۋاتىمىز

# ئىندىئانلار ھالاكىتىنىڭ باش ئاخىرى

يوللىغۇچى: tutchi

يوللىغان ۋاقىت: 16:33 30/7/2006

غەربىي ياۋرۇپا تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھىيلىسى

ئۆمەرجان ئىمىن

ئىندىئانلار ،ئاۋستىرالىيانلار، پولىنېزىيانلار... دۇنيا سوراپ باققان خەلقلەر ئىدى. تاجاۋۇزچىلارنىڭ بالاخور نەپسى ئۇلارنى يەپ كەتتى .بۇ «مۇستەملىكىچىلىك تارىخى ئىنسانىيەت سالنامىسىگە قانلىق قىلىچ ۋە يالقۇنلۇق ئوت تىلى بىلەن يېزىلىپ قالدى .» (ماركىس)

كولۇمبونىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئىندىئانلارغا قىيامەت ئېلىپ كەلدى.ئۇ 1513-يىلى تۇنجى بولۇپ ئامېرىكا قىتئەسىدە مۇستەملىكە ئورناتتى.شۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە،فرانسىيە،پورتىگالىيە،ۋە گوللاندىيەمۇستەملىكىچىلىرى ئارقا-ئارقىدىن قوشۇن كىرگۈزۈپ، ئىسپانىيە بىلەن مۇستەملىكە تالاشتى. بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پۈتكۈل ئامېرىكا قىتئەسى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قالدى. تاجاۋۇزچى ئەل ھۆكۈمەتلىرى ئىندىئانلارنى قۇل قىلىش جەريانىدا مۇستەملىكىچىلىك ھىيلىسىنىڭ ئۆلگىسىنى ياراتتى .

1.ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئارقىلىق كېڭەيمىچىلىك قىلىش ھىيلىسى

ياۋرۇپالىقلار كولۇمبو خاتىرلىرى ئارقىلىق ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ سىرلىق جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، ئىندىئانلارنىڭ غەلىتە قىياپىتى ۋە ئۆزگىچە تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ، ئوتتۇرا ئەسىردە تازا راۋاجلاندۇرۇلغان قەدىمكى يۇنان، رىم ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىگە رېئاللىق تۈيغۇسىدا قاراشقا ئادەتلەندى .ئەپسانە رىۋايەتلەردە قەيت قىلىنغان ھادىسىلەرنى تېپىش ئۈچۈن ئامېرىكا قىتئەسىگە بېرىشقا بەل باغلىغان تەۋەككۈلچىلەرنىڭ كۆپىيىشى ـئىسپانىيە پادىشاھىنىڭ كاللىسىدا كېڭەيمىچىلىك قىلىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ھىيلىسىنى شەكىللەندۈردى.

1513-يىلى تەۋەككۈلچى ئاقسۆڭەك دېرئان ئىسپانىيە پادىشاھىغا رىۋايەتتىكى «ياشلىق بۇلىقى» (بۇ

بۇلاققا چۈمۈلگەن كىشى ياشلىق دەۋرىگە قايتارمىش) نى تېپىپ بىرىش بەدىلىگە زور ئىنئامغا ئېرىشىش كۈيىدا، خان ئارمىيىسىگە باش بۇلۇپ، ئامېرىكا قىتئەسىگە باردى . ئۇ بارغانلا يېرىدە ئىندىئانلارنى بۇلاقنى تېپىپ بىرىشكە قىستاپ قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى . نۇرغۇن جايلاردا مۇستەملىكە بايرىقىنى تىكلىدى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن دىرىئان پادىشاھىنىڭ يول يۇرىقى بۇيىچە ھازىرقى فىلورىدا ۋە باھاما ئارلىنى «ياشلىق بولىقى » جايلاشقان ئۇرۇن قىلىپ بىكىتىپ ،بۇ جايدىكى ئىندىئانلارنى قىرىپ تۈگىتىۋەتكەندىن كېيىن ، بۇ رايۇندا ھەربىي شتاپ تەسىس قىلدى. 16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فىلۇرىدا ۋە باھاما ئارىلى ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ ئامېرىكىغا بېرىپ - كىلىشىدىكى مۇھىم ستىراتېگىيلىك ئورۇن بولۇپ قالغانلىقى-« ياشلىق بۇلىقى» قىزغىنلىقىنىڭ ھەقىقىي كۇرۇنىشى ئىدى.

1529-يىلى ھەربىي ئەمەلدار نونيو ئىسپانىيە پادىشاھىغا ئەپسانىلەردىكى «يەتتە ئالتۇن شەھەر»نى تېپىپ بىرىشكە ۋەدە بىرىپ ، خىل قۇشۇن بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىگە باردى . ئۇ ئۈزلىكسىز تۇردە شىمالغا كېڭىيىپ ، كەڭ جايلارنى ئىستىلا قىلغان بولسىمۇ ، بۇ ئەپسانىۋى شەھەرلەرنى تاپالمىدى . 1540-يىلى پادىشاھنىڭ كۆرسەتمىسى بۇيىچە ئۆزى ئىستىلا قىلغان شىمالى ئامېرىكا رايۇنىنىڭ يەتتە يىرىدە ۋالى مەھكىمە ئورگىنى تەسىس قىلدى. 1532-يىلى مۇستەملىكىچى پىساررو رىۋايەتلەردىكى «كۈمۈش تاغ»،«سىماب كۆل »نى تېپىش ئۈچۈن غەربىي جەنۇپ تەرەپتىن ئامېرىكا قىتئەسىگە باستۇرۇپ كىردى . ئۇ پېرۇدىكى ئىنكا دۆلىتىنىڭ نۇر چاقناپ تۇرغان ئىبادەتخانىلىرىنى ، ئاپئاق رەڭدىكى شەھەر قۇرلۇشلىرىنى «كۈمۈش تاغ» دەپ خىيال قىلىپ ، نۇرغۇن قانلارنى تۆكۈپ بۇ دۆلەتنى مۇنقەرز قىلدى .«سىماپ كۆل»نى ئىزدەپ ئارگېنتىناغىچە كېڭەيدى.

1518-يىلى خۇئان دېگىل خارۋا ئىسىملىك مۇستەملىكىچى ئەپسانىلەردىكى «ئامازۇن ئايال چەۋەندازلىرى »نى تېپىش ئۈچۈن ئامېرىكا قىتئەسىگە باردى.كېيىن ئۇلېلىيانمۇ ئوخشاش مەقسەتتە ئامېرىكىغا قۇشۇن باشلاپ باردى. ئۇلار ھازىرقى ئامازۇن ھارۋىسىدا توققۇز نەپەر ئايال چەۋەنداز بىلەن ئۇرۇشقاندىن كېيىن ،بۇ جايغا «ئامازۇن» دەپ نام بەردى.ئۇلار يەنە مايا رايونى ،كالىفورنىيە ،برازىلىيە،چىلى قاتارلىق جايلاردا ئايال چەۋەندازلارنى ئىزدەش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ بۇ جايلارنى بېسىۋالدى .

1519-يىلدىن باشلاپ دېيشىس، پلاسكىس قاتارلىق مۇستەملىكىچىلەر كۇبادا رىۋايەتتىكى «ئىت باش

مايمۇن»ۋە «ئىت يۈزلۈك ئادەم»لەرنى ، مايا رايۇنىدا «سۇ ئاستىدا ئۇخلايدىغان قەبىلە»،«چېچى يوق ئادەملەر »،«پەتەك ئادەملەر»نى،جەنۇبىي ئامېرىكىدا «ئىككى باشلىق قۇش» ،«بىر پۇتلۇق ئادەملەر»ۋە «قۇيرۇقلۇق ئادەملەر»،«شىر بەدەن قۇش باش»ھايۋاننى ئىزدەش ئۇرۇشى قوزغاپ بۇ جايلارنى بېسىۋالدى.بەزى مۇستەملىكىچىلەر بوي ئېگىزلىكى ئادەتتىكى سەككىز ئادەمنىڭ بوي ئېگىزلىكىگە باراۋەركېلىدىغان «گىگانت ئادەملەر»نى ھەم سۆزلىيەلەيدىغان ،ئاقىلىيالايدىغان «ئادەم بىلىق »لارنى ئىزدەش جەريانىدا كولورىدا ،پېرو ،تىنوچىدىتلان ،يېڭى گالىتسىيە ،يۇكاتان يېرىم ئارىلى ،مىسسىپى دېلتا رايۇنى ۋە تېكساس دېڭىز ساھىلى،بېرناردىنا ئارىلى قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى.مۇستەملىكە قىلىنغان بارلىق جايلاردا ئىسپانىيەگە قاراشلىق ۋالىي مەھكىمە ئورگىنى تەسىس قىلىندى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قانلىق قىلىچى رىۋايەتنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا قادىر بولالمىغان بولسىمۇ ،ئىسپانىيە پادىشاسىنىڭ پۈتكۈل ئامېرىكا قىتئەسىنى ئۆز مۇستاملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇردى.

2.دىنى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش ھىيلىسى

ئىندىئان دىنىدا تۇتېم ئىتىقادى ۋە كۆپ ئىلاھلىق دىن ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى .ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىمۇ ئاجايىپ-غارايىپ ئوبرازلار تۇسىدە يارىتىلغانىدى.دەسلەپكى مۇستەملىكە دەۋرىدىلا ئىسپانىيە ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي روھانىلىرى ، ئۆز ئارمىيىسىگە « ئىندىئانلار < ئىنجىل> دا كۆرسىتىلگەن جىن ئالۋاستىلارغا چوقۇنۇپ ئىنسانىيەتكە ئاپەت تىلەيدىكەن» دىگەنلەرنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ ، ئىندىئانلارغا بولغان قىرغىنچىلىقنى كەسكىنلەشتۈرگەنئىدى. 1611-يىلى كوئائو ئېلادىكى سان پېتىر ئەتراپىدا يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغاندا ، 1558- يىلى پونساكرا قولتۇقىدا قارا بۇران چىقىپ ئىسپانىيە دېڭىز پىلوتىنى ۋەيران قىلىۋەتكەندە ، روھانىلار « بۇ ئىندىئانلارنىڭ جىن-ئالۋاستىلارغا چوقۇنغانلىقىدىن بولغان» دىگەن دىننىي سەپسەپىنى تارقاتقاچقا ، مۇستەملىكىچى ئارمىيە بۇ جايلاردىكى ئىندىئانلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تۈگىتىۋەتكەن. قايسى جاي تەبىئەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىسا شۇ جايدىكى ئىندىئانلارنى قىرىپ يۇقۇتۇش ئەۋج ئالغان ئىدى. خىرىستىئانلار بۈۋى مەيرەمنى «مۇقەددەس ئانا» سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدۇ. ئىندىئانلارمۇ « تونەنچىن» ( مۇقەددەس ئانا) نى بارلىق ئىلاھلارنىڭ ئانىسى ، دەپ قارايدۇ ئىندىئانلار يەنە قۇياش ئىلاھى بىلەن ئوت ئىلاھىنى كىرىست بەلگىسى بىلەن ئىپادە قىلىدۇ. ئىندىئان دىنلىرىدىمۇ خىرىستىئان دىنىغا

ئوخشاش « ئىلاھ يۇلىدا قۇربان بولغانلارنىڭ روھى ئىلاھ بۇلۇپ تۇغۇلىدۇ.» دىگەن تەلىمات ئاساسى ئۇرۇندا تۇرىدۇ. مۇستەملىكىچىلەر بۇ تاساددىبى ئوخشاشلىقنى دەستەك قىلىۋېلىپ ، ئىندىئانلارنى « سىلەر بۇۋى مەيرەمنىڭ باشقابىر ئۇرۇقىدىن دەپ ئالداپ ، خىرىستىئان دىنىغا بەيئەت قىلىشقا زورلىغان. ئۇلار يەنە ئىندىئان بۇتخانىلىرىدىكى كىرىست بەلگۈلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەيسانىڭ ھەيكىلىنى ئورناتقان. ئىندىئانلار بۇنى كىچىك ئىش دەپ بىلىپ چۈشۈنۈۋەرگەن.

خىرىستىئان دىن تارقاتقۇچىلىرى يەنە « قەيەردە يامانلىق ، دىنسىزلىق ئەۋج ئالسا شۇ يەردە بۇۋى مەيرەم روھى پەيدا بۇلىدۇ» دىگەننى يەرلىك ئاھالىگە تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە بىر چاغدا، ياۋرۇپادىن بۇۋى مەيرەم ھەيكىلىنى تۆركۈ ملەپ يۆتكەپ كىلىپ ، ئىندىئانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ، قارشىلىق كۈچى كۈچلۈك جايلاغا مەخپىي كۆمگەن. بىر مەزگىلدىن كيىن ، سىتىۋېلىنغان ئىندىئان كاھىنلىرى بۇلارنى «بايقاپ » قالغان ۋە خەلققە ئىلاھىيلاشتۇرۇپ تەشۋىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ جايلار قان تۆكىلىدىغان ،ئاھالىلار تارقاقلاشتۇرىلىدىغان ھەم كاتتا چېركاۋلار قەد كۆتۈرىدىغان ئورۇنغا ئايلىنىپ قالغان .1517ـ1565ـيىللار ئارىلىقىدا پەقەت مېكسىكىدىلا 200دىن ئارتۇق ئورۇندا بۇۋى مەريەم ھەيكىلى بايقالغان ».

مۇستەملىكىچىلەر يەنە ئىندىئانلارنىڭ ئالەم كۆزىتىش مۇنارلىرى ،قۇياش ئىھراملىرى ۋە ئىبادەتخانىلىرى ئۈستىگە چېركاۋلارنى سالدى. ئىندىئان بۇتلىرىنى چېقىپ ،ئورنىغا ئىندىئان بۇدلىرى شەكلىدە نىقاپلانغان خىرستىئان بۇدلىرىنى تۇرغۇزدى.كىرىست بەلگىلىرىنىمۇ ئىندىئانلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بۇيۇملار بىلەن ياسىدى.خىرىستىئان دىن بايراملىرىنى ۋە نەزىر ـچىراق كۈنلىرىنى ئىندىئان كالىندارى بۇيىچە يەرلىك بايرام كۈنلىرىگە توغرىلاپ ئورۇنلاشتۇردى.ئىندىئانلارنى خىرستىئان دىنلىرىغا قۇبۇل قىلىش رەسمىيەتلىرىنىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ ،كۈنىگە 6مىڭدىن 15مىڭغىچە ئادەمنى دىنغا كىرگۈزدى. چېركاۋلاردىكى بۇۋى مەريەم بۇدلىرىغا «تونەنچىن »دەپ ئىسىم قويىدى. ئىندىئانلار يۇقىرىقى ئۆزگىرىشلەرنى شەكىل جەھەتتىكى ئىش ھىسابلاپ ئاسانلا كۆنۈپ كەتتى. ئۇلار خىرىستىئان بۇتلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆز بۇتلىرىنى يۇشۇرۇپ قۇيۇپ مەخپىي چۇقۇندى. چىركاۋلار ئاستىغا ئۆز بۇتلىرىنى كۆمۈپ قويىدى. چېركاۋ تۈۋرۈكلىرىگە ئۆز دىنىي دۇرتلىرىنى يېزىپ قويىدى. خىرستىئان دىنى ئۇسۇللىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئوينىدى .مۇستەملىكىچىلەر بۇ خىل

پاسسىپ قارشى تۇرۇشنى بىلسىمۇ بىلمەسكە سالدى .ئۇلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كېيىنكى ئەۋلات ئىندىئانلارنىڭ بۇ خىل مەخپىي «قۇرساق كۆپۈكى»نى ئاستا-ئاستا ئۇنتۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.گەرچە ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ بولۇش ئالاھىدىلىكى تۈپەيلى ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىندىئانلارنى دىنسىزلاندۇرۇش ھېيلىسى تەلتۆكۈس ئۈنۈم بەرمىگەن بولسىمۇ ،لېكىن ئۆز دىنىدىن يۈز ئۆرىگەن ئىندىئانلاردا ئېتىقادسىزلىق ،ئەسلىنى ئۇنتۇش خاھىشلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

**3.مەدەنىيەتنىڭ جان تومۇرىنى ئۈزىۋېتىپ روھىنى ئۆلتۈرۈش ھېيلىسى**

ياۋروپادا تۇنجى بولۇپ قۇياش تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى برونىي رىم مەيدانىدا كۆيدۈرۈلىۋاتقان 1600-يىللاردا ،ئىندىئانلار مايا ،تىنوچىدىتلان ۋەتۇئېتىغۇلكان شەھەرلىرىدىكى ئالەم كۆزىتىش مۇنارلىرىدا ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان تېلېسكوپ بىلەن كۈننىڭ كۆيۈش ۋاقتىنى ،ئاي،زۆھرەيۇلتۇزى ۋە باشقا سەييارىلەرنىڭ دەۋرىيلىك ئايلىنىش ۋاقتىنى توغرا ھېسابلاپ چىقىۋاتاتتى .

ئىندىئانلارنىڭ پۇختا مەدەنىيەت تورى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ «ئىندىئانلارنى بويسۇندۇرۇش -ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرگەنچىلىك ئاسان ئىش»دىگەن خىيالىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى.مۇستەملىكىچىلەر بىر مەزگىللىك ھودۇقۇش قورقۇشتىن كېيىن ،ئىندىئان مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى مېخانىزىمىدىكى سەلبىي خۇسۇسىيەتنى بايقىۋالدى.كاھىنلار پۈتكۈل ئىندىئان جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى تەبىقىسى ۋە زىيالىيلار قاتلىمى ئىدى. ئۇلار پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىلىم -پەن،مەدەنىي -مائارىپ ۋە مەنىۋى پائالىيەت ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار ئۇلار يەنە ئىگىلىك باشقۇرۇش ،ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش، جەمىيەت تەرتىپىنى تۈزەش قاتارلىق پائالىيەتلەرگىمۇ يېتەكچىلىك قىلاتتى. چىن مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا ،پۈتكۈل ئىندىئان مەدەنىيىتى «كاھىن»نامى بىلەن ئاتالغان يۇقىرى تەبىقە دىندارلار سىنىپىغا مەنسۇپ ئىدى.

كاھىنلار دىنى خەلقنى كۆڭۈلدىكىدەك قۇل قىلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرى ئېرىشكەن بارلىق بىلىملەرنى ئىلاھىي ۋەھى سۈپىتىدە خەلققە يەتكۈزەتتى.خەلق بارلىق ئۇرۇنلاشتۇرۇشلارنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى دەپ بىلىپ ،شەرتسىز بويسۇناتتى ھەم كاھىنلارنى «ئەۋلىيا »دەپ ئۇلۇغلايتتى .كاھىنلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت يارىتىش تەجرىبىلىرىنى ئىنتايىن مەخپىي تۇتاتتى ،ئۆز پەرزەنتلىرىنىلا «ئىز باسار ئەۋلىيا»قىلىپ تەربىيەلەيتتى خەلقنى ھەرگىز ئارىلاشتۇرمايتتى.بىر كاھىن ئۆلسە ئورنىغا بىر كاھىن پەرزەنت ئىز باسار

بۇلاتتى،خەلق پەقەت ئانا تىلى ،ئۆرۈش ئىلاھلارغا چوقۇنۇش ۋە ئىبغىر ئەمگەكتىن باشقا ھېچنىمنى بىلمەيتتى،يېزىق بىلىدىغان بىرمۇ پۇقرا بولمايتتى. ئىندىئان مەدىنىيتى ماھىيەتتە«كاھىنلار مەدىنىيتى»ئىدى. ئىندىئان مەدىنىيتىنىڭ جان تومۇرى ئاخىرى ئىسپانىيە مۇستەملىكچى ئارمىيىسىنىڭ باش روھانىيسى دىئوگو .د.راندانىڭ قانلىق قىلىچىدا كېسىپ تاشلاندى.

1562-يىلى راندا ئامىرىكىنىڭ پۇتكۇل ئىسپان تاجاۋۇزچى ئارمىيىسگە ئىندىئان كاھىنلىرىنىڭ نەسلىنى قۇرۇتىۋېتىش ،ئىندىئان تىل-يېزىقىدىكى كىتاب،ھۆججەتلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي كۆيدۈرۈۋېتىش كاھىنلارنىڭ بارلىق ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش بۇيرۇقىنى بەردى.شۇنىڭدىن كېيىنكى 40يىلدا مۇستەملىكچىلەر «كاھىنلار جىن-ئالۋاستىلارنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەكىلى»دىگەننى باھانە قىلىپ ،400مىڭدىن ئارتۇق كاھىننى ئۆلتۈردى.پايدىلىنىش مەقسىتىدە ساقلاپ قالغان ئاز ساندىكى خائىن كاھىنلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا كاھىنلارنىڭ نەسلىنى پۈتۈنلەي قۇرۇتىۋەتتى. نەچچە مىڭ يىللىق ئىندىئان مەدىنىيتىنىڭ جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەشكەن كىتابلارنى «ئالۋاستىلار قوللانمىسى»دەپپۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋەتتى .مەدىنىيەت ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى.ئالىملار كىينكى 300يىل جەريانىدا قاتتىق ئاختۇرۇشلار بەدىلىگە ئاران تۆت پارچە كىتابنى قولغا چۈشۈرگەن بولسىمۇ ،ئىندىئان يېزىقىنى بىلىدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىغاچقا ،ئوقۇش مۇمكىن بولماي ،مۇزېي بۇيۇمى بولۇپ كەتتى .ئىندىئان مەدىنيتىنىڭ سەلتەنىتى پەقەت جارابىلاردىلا ساقلىنىپ قالدى.ۋەتىنىدىن ،دىنىدىن ۋە مەدىنىيەت ئىزچىللىقىدىن ئايرىلغان ئىندىئانلار بىراقلا روھسىزلىنىپ جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتتى.

4.مەدىنىيەت كۆچۈپ كىلىپ شالغۇتلاشتۇرۇش ھېيلىسى

مۇستەملىكچىلەر ئىندىئانلارنىڭ مىللى مەدىنىيتىنى خارابلاشتۇرۇشقا باشلىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئەسىر ياۋرۇپا مەدىنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئامىرىكىغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ ئىندىئانلارغا مەجبۇرىي تاڭغاندى.

مۇستەملىكچىلەر ئامېرىكا قىتئەسىگە قەدەم باسقان كۈندىن باشلاپ بۇ جايدىكى تاغ تىزمىلىرى ، دەريا-كۆللەر، ئورمانلىق ، ئارال، دېڭىز بوغۇزلىرى ، شەھەر ۋە يېزا -كەنتلەرنى خرستىئان دىنى ئەۋلىيالىرىنىڭ ئىسمى ۋە خرستىئان دىنى بايرامناملىرى بىلەن ئاتاپ ماڭغان. كولۇمبو غەربىي ھىندى تاقىم

ئاراللىرىغا 1492 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يېتىپ بارغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئارالدىكى تۇنجى بارغان كەنتكە «ئەيسانىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرلەش كەنتى»دەپ ئىسىم قويغان.بۇ ئارالنى«كىچىك ئىسپانىيە ئارىلى » دەپ ئاتىغان. پەقەت مېكسىكىدىلا 1756 ئۆرۈنغا « مەريەم» 221 ئۆرۈنغا « بۇۋى مەيرەم» دەپ نام بېرىلگەن. « ياقۇپ » ، « يۇسۇپ» نامى بىلەن ئاتالغان جايلارنى ئىنتايىن كۆپ بولغان ، ئەسلى يەر ـ جاي نامىرى پۈتۈلەي بىكار قىلىنغان. مۇستەملىكىچىلەر ئىندىئانلارنىڭ يەرلىك بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ، مەخسۇس ۋاقىت ئاجىرتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشنى ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، خىرىستىئان دىنىي بايراملىرىنى ئىندىئان كالىندارى بويىچە يەرلىك بايرام كۈنلىرىگە توغۇرلاپ ئۆتكۈزگەن ، يەرلىك دىنىي بايراملارنى ئاددى شەكىلدە ، خىرىستىئان دىنى بايراملىرىنى داغ ـ دۇغۇلۇق ئۆتكۈزۈش شەكلى ئارقىلىق ئىندىئانلارنى خىرىستىئان بايراملىرىغا قىزىقتۇرغان. مۇستەملىكىچىلەر ئۆلچەم بىرلىكلىرى ، پۇل بىرلىكلىرى جەھەتتە پۈتۈنلەي ياۋرۇپا ئۇتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىنى ئومۇملاشتۇرغان.

1522 ـ يىلىدىن باشلاپ ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا مۇناستىر ، شەھەر قۇرۇش ئەۋج ئالغان. شەھەر لاھىيلەش ، باشقۇرۇش ۋە مەمۇرىيەت تەشكىلى قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئىبىرىيە يېرىم ئارىلىدىكى ئۈلگىلەرنى كۆچۈرۈپ كەلگەن . يول قاتنىشى جەھەتتە ، ياۋرۇپا ئۇسلۇبىدىكى شاخمات تاختىسى شەكىللىك لاھىيەنى قوللانغان. بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە شەھەر ستىراتىگىيسى جەھەتتە ئىندىئان ئۇسلۇبى ئاساس قىلىنغان بولسىمۇ ، بىناكارلىق بېزەكچىلىكى جەھەتتە ، ئىتالىيە رەسسساملىق ئۇسلۇبىدىن ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ھەيكەلتاراشلىق ، ئويما نەقىشچىلىك ھەم بۇياقچىلىق تېخنىكىسى كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. نەتىجىدە ، ئىندىئانلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارچىلىق مەدەنىيىتى خاراپلاشقان. مۇستەملىكىچىلەر تارىخ ـ تېزكىرچىلىك ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تارىخى بۇرمىلانغان تارىخنامىلەرنى ياساپ چىققان. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئىندىئانلارنى قىرىپ قۇل قىلغان ئېكىسپىلاتاتسىيلىرىنى «ئەيسا يۇلىدا قىلىنغان مۇقەددەس ئۇرۇش » سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. مۇستەملىكىچىلەر ئىندىئان سەنئىتىنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىنى خالىغانچە بۇزۇپ پايدىلانغان. ئىندىئانلارنى ياۋرۇپا كىيىملىرىنى كىيىپ ، ياۋرۇپاچە گىرىم قىلىپ ئىندىئان سەنئىتىنى ئورۇنلاشقا مەجبۇر قىلغان . ئىندىئان تىياتىرلىرىنىڭ تەسىرلىك مۇزىكىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ ، ئورنىغا خىرىستىئان دىنى مۇناجاتلىرىنى سەپلىگەن. ئىندىئان مۇزىكىلىرىغا خىرىستىئان دىنى

مەدىنىيە تىكىسلىرىنى كىرگۈزۈپ ، سىغىنىش پائالىيەتلىرىدە ئىنديئانلارنى يۇقۇرى ئاۋازدا ئۇقۇشقا مەجبۇرلىغان. ئىنديئان مۇزىكانتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللى چالغۇلارنى چېلىشنى چەكلەپ ، ياۋرۇپا چالغۇلىرىنى چېلىشقا قىستىغان. ئىنديئان ئۇسۇلللىرىنىمۇ خالىغانچە بۇزۇپ ، ھەممىنى ئەيسانى ، خىرىستىئان دىنىنى مەدىنىيەلەيدىغان، خىرىستىئان ئۇسۇلى قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتكەن. رەسساملىق ، ھەيكالتاراشلىق جەھەتتىمۇ ئىنديئان سەنئەتكارلىرىنى ئەنئەنىۋى ئۇسلۇپتىن قول ئۈزۈشكە مەجبۇرلىغان. قىسقىسى : مۇستەملىكىچىلەر ئىنديئان سەنئىتىنى مۇمكىن بولغان دەرىجىدە بۇزۇپ ، ئۆزگەرتىپ ئۆز ئاك سېستىمىسىنى بېيىتقان. مۇستەملىكىچىلەر كىلىشتىن ئىلگىرى « پوچتىكا» دەپ ئاتىلىدىغان ئىنديئان سودىگەرلىرى يۇرتمۇ ـيۇرت قاتناپ ، پايدىسىغا ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى ئەنئەنىۋى سودا بىلەن شۇغۇللىناتتى. شەھەرلەردە ئالتۇن-كۈمۈش ، يېزىلاردا كاكاۋۇ مىسپالتا قاتارلىقلار پۇل بىرلىكى قىلىناتتى. مۇستەملىكىچىلەر ئىنديئانلارنى مۇستەملىكە ئاستىغا ئالغاندىن كىيىن ، ئامېرىكا قىتئەسىنى خام ئەشيا مەنبەسى دەپ تۇنۇپ قالماي ، يەنە ياۋرۇپادا بازار تاپالمايدىغان ناچار تاۋارلارنى بازار ئورنىدىمۇ پايدىلانغان. ئۇلار سۈپىتى ناچار ماللارنى كۆپلەپ يۆتكەپ كىلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا باج ۋە باشقا جەھەتلەردە ئېتىبار بەرگەن . ئىنديئان سودا- سېتىقچىلىرىنى ئېغىر باج ۋاستى بىلەن قىسىپ روناق تېپىش ئىمكانىيىتىدىن ئايرىغان. پۇلدار ئىنديئان ئاق سۆڭەكلىرى يۇشۇرۇن ئۆلتۈرلۈپ ، مال- مۈلكى ، بۇلاڭ- تالاڭ قىلىنغان. مۇستەملىكىچىلەر ئاچقان « نىسىيگە سېتىپ ئۇسۇمى بىلەن تۆلىتىۋېلىش ماگزىن» لىرى ئىنديئانلارنى نامراتلاشتۇرىدىغان ئاساسلىق ئامىلغا ئايلانغان.

5. « مائارىپنى گۈللەندۈرۈش» شۇئارى ئاستىدا نادانلاشتۇرۇش ھىيلىسى

ئەدەبىي ئويغىنىش ھەركىتىنىڭ تۈرتكىسىدە پۈتكۈل ياۋرۇپانى دىنى ئىسلاھات دولقىنى قاپلىغاندىن كىيىن ، مۇستەملىكىچىلەر ئىنديئانلارغا بولغان دىنى تەربىينى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تۇنۇپ يەتتى. ئۇلار ئىنسانپەرۋەرلىك تونىغا ئورۇنىۋېلىپ « ئىنديئان مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇپ ئۇلارنىڭ روھىنى قۇتقۇزۇۋالايلى» دىگەن شۇئارنى بازارغا سالدى.

1523- يىلى ئىسپانىيلىك داڭلىق روھانى پېيدولۇ مېكسىكىدا تۇنجى ، «ئىنديئانلار مەكتىپى» نى قۇرغاندىن كىيىن ، پۈتكۈل ئامېرىكا قىتئەسىدە مەكتەپ قۇرۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. مەكتەپلەردە بوي سۇنغان

خىزمەت كۆرسەتكەن ئىندىئان ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ باللىرى قوبۇل قىلىندى. مەكتەپلەردە ياۋرۇپا مىسسىئونېرلار مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇش مېتودى ئاساس قىلىنىپ ، ئەنئەنىۋى خىرىستىئان دىنى دەرسلىرى ئۆتۈلدى. ئىسپان تىلى ئوقۇتۇش ئاساس قىلىندى. ئەيساغا قارغۇلارچە چوقۇنۇش روھى پۈتكۈل مائارىپ ئەخلاقىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. « ئىنجىل»نى يادلاش ئەۋج ئالدى. مۇستەملىكىچىلەر « ئىندىئان باللار دىنى تەشۋىقات ئەترىتى » تەشكىل قىلىپ ، ئوقۇغۇچىلارنى ئاتا-ئانىلىرىغا ، يەرلىك خەلىققە خىرىستىئان دىنىنى تەشۋىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئوقۇغۇچىلار يەنە ئىندىئان ئاھالىلىرىنىڭ يەرلىك دىنىغا چوقۇنۇشىنى تۈسۈش ، يەرلىك قول- ھۈنەر كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشنى چەكلەش، قارشىلىق ھەركەتلىرىگە پايلاقچىلىق قىلىش، ئىندىئان دىنى بۇتلىرىنى چېقىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەتتى.ئەمما ، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز ئاتا- ئانىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلەتتى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ دەرسلىك ماتېرىياللىرىدا مۇستەملىكىچىلىك تارىخى بۇرمىلانغان. ئىندىئان مىللى قەھرىمانلىرى « ئەيسانىڭ دۈشمىنى» دىيىلىپ ھاقارەتلەنگەن. ئوقۇغۇچىلارغا ئىسپانچە يېڭى ئىسىملار قويۇلغان. ئۆز تىلىدىن قول ئۈزۈپ ، ئىسپان تىلىنى قوللانغانلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. مەكتەپلەردە يەنە « ئىنجىل» دا زىكرى قىلىنغان مۇقەددەس كىشىلەرنى مەدھىيلەش ئەۋج ئالغان. ھەتتا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئوبرازى كۆپتۈرۈلگەن. ئىندىئانلارنىڭ قارشىلىق ھەركەتلىرى ھەجۋىيلەشتۈرۈلگەن تىياتىرلارنى ئويناش ئومۇملاشقان. مۇستەملىكىلەرنىڭ « ئىندىئان مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش» يۆلىدىكى بىر قاتار تەدبىرلىرى ئارقىسىدا ، 17- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئامېرىكا قىتئەسىدە ، يېڭى بىر ئەۋلات ئورنىتىلغان . « ئىندىئان زىيالىيلىرى» شەكىللىنىپ ئۆز مىللىتىنىڭ خاراپلىششىنى تىزلەتكۈچى كاتالىزاتۇرغا ئايلانغان ئىدى. ئامېرىكا مۇستەقىللىق ھەركىتى ، 1- دۇنيا ئۇرىشى ، فاشىسىزىمغا قارشى ئۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار چوڭ ئۆزگۈرۈشلەر گەرچە ئىندىئان مائارىپىغا بەزى پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار يەنىلا مۇئارىپ سىياستىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ قالدى. مۇستەملىكىچىلەر ئىندىئانلارنى «ئاز قوبۇل قىلىش، مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا قويماسلىق» تىن ئىبارەت تەزدۈرۈش ھىيلىسى قوللىنىپ « ئوقۇش قىزغىنلىقى يوق ياۋايى مىللەت» دىگەن قالپاقنى كېيگۈزۈپ قويدى. نەتىجىدە ئىندىئانلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىلىم چۈشەنچىلىرى ئىزچىللىقنى يوقۇتۇپ ، مىللى مائارىپ شەكلى پۈتۈنلەي خاراپلاشتى. ئىندىئانلار مىسلىسىز دەرىجىدە نادانلىشىپ كەتتى.

### 6.بايلىق يۈتكەپ كىلىپ ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش ھىيلىسى

ياۋرۇپادا كاپىتالىزىم بىخ سۈرگەندىن كيىن جاھانگىر ئەللەر بايلىق تالان ـتاراج قىلىش پائالىيتىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈردى.

ئىسپانىيە مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىنى تالان ـتاراج قىلىشتا قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى. 1519 ـيىلى مۇستەملىكىچى كورتىس ئازتېكلار دۆلىتىگە باستۇرۇپ كىردى.

ئازتېك پادىشاھى سۈلھىيلىشىش نىيىتىدە كورتېسقا دىيامىتىرى ئالتە ئىنگىلىزچى كىلىدىغان ئىككى ئالتۇن لىگەن بىر قاپاق كىپەك ئالتۇن ۋە باشقا نۇرغۇن سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدى.كورتېس سوۋغىلارنى ئېلىۋېلىپلا رەزىل نىيىتىنى ئاشكارلىدى .ئىككى سائەت ئىچىدىلا ئىككى مىڭ ئىندىئاننىڭ جېنىغا زامىن بولدى ۋە ئالتە مىليون 300مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا باراۋەر ئالتۇن كۈمۈشنى بۇلاپ كەتتى .

1532 ـيىلى پىسارو ئىنكا دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ ، پادىشاھ ئاتا خالبانى ئەسىر ئېلىپ بىر ئۆيگە سولاپقويىدى ھەم ئىنكا ئىندىئانلارغا پادىشاھ قامالغان ئۆيىنى ئالتۇن كۈمۈش بىلەن تولدۇرۇپ بەرسە ، پادىشاھنى قويۇپ بىرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. پۈتكۈل ئىنكا ئاھالىسى ھەركەتكە كىلىپ ، ئۇزۇنلۇقى 22 ئىنگىلىزچى كەڭلىكى 17ئىنگىلىزچى ، ئىگىزلىكى 9ئىنگىلىزچى كىلىدىغان بۇ ئۆيىنى ئالتۇن ـ كۈمۈش ،يامبۇلار بىلەن تولدۇرغان بولسىمۇ پىسارو بايلىقنى ئېرىشۋېلىپلا قىرغىنچىلىق ھەركىتىنى باشلىۋەتتى .مۇستەملىكچىلەرنىڭ بۇ خىل بۇلاڭ ـتالاڭ ھەركەتلىرى پۈتكۈل قىتئەنى قاپلىغاندىن كيىن ، ھەر قايىسى جايلاردا ئىندىئانلارنىڭ قارشىلىق ھەركەتلىرى ئارقا ـئارقىدىن مەيدانغا چىقتى. 1553 ـيىلى چىلىدىكى ئالاۋكا ئىندىئانلىرى ئىچىدىن چىققان ياش قەھرىمان لۇدارۇ چىلى ئىندىئانلارغا باش بۇلۇپ ، مۇستەملىكچىلەرنى تارمار قىلدى ھەم مۇستەملىكچى ئارمىيە قۇماندانى بالدىۋىنى ئەسىر ئالدى .لۇدارۇ پۈتۈن خەلق توپلانغان مەيداندا بالدىۋىيگە :«سەن ئالتۇن بولىغىلى كەلگەن ، بىز سىنى ئالتۇنغا تويغۇزۇپ قۇيايلى» دەپ خىتاپ قىلىپ ، قايناپ تۇرغان ئالتۇن ئېرىتمىسىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا قۇيدى. ئەمما خائىنلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كىلىشى سەۋەبىدىن ئىندىئانلارنىڭ قارشىلىق ھەركەتلىرى تېزلا مەغلۇپ بولدى.

مۇستەملىكىچىلەر تېخىمۇ كۆپ بايلىققا ئېرىشىش مەقسىتىدە مىكسىكا ، پېرۇ بولىۋىيە ، ۋە يېڭى كرانادا قاتارلىق جايلاردا ئالتۇن-كۈمۈش كانلىرىنى كەڭ ئېچىپ ئىندىئانلارنى كۈنىگە 18سائەت ئىشلەشكە مەجبۇرلىغان. قامچا-كالتەك ئاستىدىكى ئېغىر ئەمگەك ۋە كانلارنىڭ بىخەتەرلىك ئىشلىرىنىڭ ناچارلىقى سەۋەبلىك كان سەيىسگە تۇتۇلغانلارنىڭ بەشدىن تۆت قىسمى ئۆلۈپ كەتكەن .شۇڭا، كان سەيىسگە تۇتۇلغانلارنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى ئالدىن ئۆتكۈزىۋېتىش پۈتكۈل ئىندىئان جەمىيىتىدە ئۇمۇمىي ئادەتكە ئايلانغانىدى. مۇستەملىكىچىلەر 1541-يىلغا قەدەر 15مىليون ئىندىئاننىڭ جېنىغا زامىن بولغان .ئىسپانىيە 1574-يىلغا قەدەر ئامېرىكا قىتئەسىگە 200مىڭ ئائىلىنى كۆچۈرۈپ بارغان بۇلۇپ ، ئۇلار كان -ئېكىنزارلىق ئېچىش ، سودا قىلىش، ئىندىئانلارغا نازارەت قىلىش ،خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن.

ئىندىئانلار كۆپلەپ قىرىلىپ كەتكەچكە ، مۇستەملىكىچىلەر ئەمگەك كۈچى تولۇقلاش ئۈچۈن ئىبلىس قولىنى ئافرىقىغا سوزغان. 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىغا قەدەر ئافرىقا 100مىليون نىگىر خەلقىدىن ئايرىلغان، بۇنىڭ 15مىليونىلا ئامىرىكىغا ساق بارالىغان.

«بەزىلەرگە بەخت ئېلىپ كەلگەن ئىش يەنە بەزىلەرگە كۈلپەت ئېلىپ كىلىدۇ.بىر سىنىپنىڭ ئازادلىققا چىقىشى ماھىيەتتە، ئىككىنچى بىر سىنىپنىڭ قۇللۇققا چۈشۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ»

(ئېنگىلىس).

«ئامېرىكا قىتئەسىدە كانلارنىڭ ئېچىلىشى ، يەرلىك ئاھالىنىڭ قىرىپ تاشلىنىشى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش دەۋرىنىڭ تاڭ نۇرى ئىدى... يېڭىدىن تۇغۇلغان كاپىتالنىڭ بېشىدىن تاكى تاپىنىغىچە قان ۋە زەرداپ تېمىپ تۇراتتى»

(ماركىس)

. مۇستەملىكىچىلەر ئىندىئانلارنى زۇلمەتلىك تۇرمۇشقا مۇپتىلا قىلىش بەدىلىگە ، ئۇلارنىڭ سۈڭەكلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئالتۇن -كۈمۈشلەرنى ھەدەپ ياۋرۇپاغا يۆتكىگەن. 1545-1560-يىللار ئارلىقىدا ئىسپانىيەگە ئامىرىكىدىن 5500كىلوگرام ئالتۇن ، 246مىڭ كىلوگرام كۈمۈش توشۇلۇپ تۇرغان .(باشقا بايلىقلار تېخىمۇ كۆپ). ئەزەلدىنىلا سېرىقتال سەۋىيىدىن يۇقىرى تۇرمۇش مۇھىتىغا ئېرىشەلمەي كەلگەن ئىسپان ئاق سۆڭەكلىرى ئامىرىكىدىن بولاپ كېلىنگەن بۇ ھارام بايلىقلارغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇلار بۇ

www.docin.com

بايلىقلارنى پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشىغا سەرپ قىلىپ مىسلىسىز دەرىجىدە چىرىكلىشىپ كەتتى. ئۇلاردا كاپىتالىزىم تەرەققىي قىلالمىدى . ئىسپانىيەگە كەلگەن ئامەت باشقا جاھانگىرلارنىڭ كۆزىنى قىزارتتى . ئەنگىلىيە دەسلەپتە ئامېرىكىدىن ئىسپانىيەگە توشۇلىۋاتقان بايلىقلارنى بۇلاش بىلەن شۇغۇللىنىپ 1577-1580-يىللىرىدا 4مىليون 700مىڭ فونت سترلىڭ قىممىتىدىكى بايلىققا ئېرىشتى.ئۇلار 1584-يىلى شىمالىي ئامېرىكىنى ئىسپانىيىدىن تارتىۋېلىپ ۋېرگىنىيە مۇستەملىكىسىنى شەكىللەندۇردى. پورتىگالىيەمۇ برازىلىيىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ ، جەنۇبى ئامېرىكىدا ئىسپانىيە بىلەن مۇستەملىكە تالاشتى. گوللاندىيە ئاتلانتىك ئوكيانىنى قامال قىلىۋالدى .1609-يىلى فىرانسىيە شىمالى ئامېرىكىغا بېسىپ كىرىپ ئەنگىلىيە بىلەن مۇستەملىكە تالاشتى. شۇنداق قىلىپ ،ئۇز ئاجىزلىقىغا باقماي ناھايتى كەڭ جايلارغا مۇستەملىكچىلىك تورى يايغان ئىسپانىيە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكە جايلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى باشقا جاھانگىرلارغا تارتقۇزۇپ قويدى.

7.قەبىلىۋازلىقتىن پايدىلىنىپ پارچىلاپ يوقىتىش ھىيلىسى

مۇستەملىكچىلەر كىلىشتىن ئىلگىرى ئىندىئانلار جەمىيىتىدە ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۇزۇلمىسىدىن تارتىپ دۆلەت تۈزۈلمىسىگىچە بولغان ئارلىقتىكى پۈتكۈل فورماتسىيە شەكىللىرى تەڭلامەۋجۇت ئىدى. قەبىلىۋازلىق ئىنتايىن تەرەققى قىلغانىدى. ھەر قەبىلە ئۆز ئىگىلىكىگە ماس كىلىدىغان زىمىندا مۇستەقىل ياشايتتى ،ئىجتىمائى سەۋىيىسىمۇ تەكشىسىز ئىدى .قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا دائىمئۇرۇش بۇلۇپ تۇراتتى .بۇلۇپمۇ مايا دۆلىتى ،ئازتېك دۆلىتى ۋە ئىنكا دۆلىتىنىڭ ئارقا -ئارقىدىن قۇرلۇشى بوي سۇندۇرۇلغان قەبىلە ئەزالىرىنىڭ قەلبىدە قىساس دېغى قالدۇرۇلغانىدى مۇستەملىكچىلەر ئىندىئانلاردىكى بۇ خىل قەبىلىۋازلىق ھالىتىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان ئىدى. ئۇلار قەبىلىلەر مۇستەقىللىقىنى ھەدەپ بازارغا سېلىپ ،يەرلىك ئاھالىلەرگە ئىلگىرىكى قەبىلىسىنى قۇرۇپ بىرىشكە ۋەدە بىرىپ ئۇلارنى ئۇز خانلىقىغا قارشى چىقىشقا كۇشكۇرتكەن ۋە كونازىددىيەتلەرنى تىرىلدۇرۇپ قەبىلىلەرئارا ئۇچمەنلىك پەيداقىلىپ ،قەبىلىلەرنىڭ ئۇز ئارا ئۇرشۇپ قان تۇكىشىگە سەۋەپ بولغان ھەمدە بىر قەبىلىنى يوقاتماقچى بولسا ئالدى بىلەن شۇقەبىلىگە دۇشمەن قەبىلىنى قولغا چۇشۇرۇپ ئۇنىڭدىن پايدىلانغان خۇددى ماركىس ئېيتقاندەك ،«ئىسپانىيەلىكلەر ئامېرىكا قىتئەسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلىرىدا ،بىر قەبىلە باشلىقنى تىرىك تۇتۇۋالسا بارلىق قەبىلە ئەزالىرىنىڭ پالەچ ھالغا

چۈشۈپ قېلىپ ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلىۋالغان،شۇڭا ئۇلار ئالدى بىلەن پادىشاھ ياكى قەبىلە باشلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ، ئۇنى ئۆز مەقسىدىگە يەتكۈچە تىرىك ساقلاش ھىيلىسىنى قوللانغان».1519-يىلى كورتىس ئازتېك پادىشاھىنى ئالداپ نەزەر بەنت قىلىۋالغان.ھەر قايسى قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىشالمىغاچقا ئىككى يىل ئىچىدىلا ئازتېكلار مۇنقەرز قىلىنغان.

1533-يىلى پىساررو ئىنكا دۆلىتىگە باستۇرۇپ بارغاندا ئالدى بىلەن پادىشاھلىق تەختىنى تالىشىۋېلىش كويىدا يۈرگەن ئىندىئان ئاقسۆڭەكلەرنى ئۆزىگە تارتىپ ،ئۇلارغا تەختىنى ئېلىپ بېرىش ۋەدىسىنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ ئالتە مىليون نوپۇسلۇق ئىنكا دۆلىتىنى ئوڭايلا بېسىۋالغان

1546-يىلى يەنە بىر مۇستەملىكىچى مۇتەيىغ مايا دۆلىتىگە باستۇرۇپ بارغاندا ئىككى چوڭ قەبىلە ئوتتۇرىسىدا ھۆقۇق تالىشىش كۈرۈشى بولىۋاتاتتى. مۇنتەيىغ«ئاۋۋال بىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئۇنىڭ دۈشمىنىنى يوقۇتۇش ،ئارقىدىن ئۇنىمۇ ساق قويماسلىق »ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ ئىمپىرىيە دەرىجىسىگە يەتكەن مايا دۆلىتىنى ئازغىنا ئەسكەر بىلەن مۇنقەرز قىلغان.

8.رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ جىسمانىيەتنى قورتىش ھىيلىسى

ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئىندىئانلارنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، نۇقۇل ئىقتىسادىي ئۇنۇم قوغلاشتى ئۇلار ئىندىئانلار تېرىشنى بىلىدىغان«47خىل مۇستە زىرائەت ـئۇسۇملۇككەقانائەت قىلماي باشقا قىتئەلەردىن يەنە 200خىل زىرائەت كۆچۈرۈپ باردى .ئىندىئانلارنى ئىبىرىيە يېرىم ئارىلىغا خاس ئىگىلىك شەكلى ۋە قورال سايمانلارنى قوللىنىشقا مەجبورلىدى.مىلىكچىلەر دېھقانىنىڭ قولىدا بىر پارچە يەر بولسىلا ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ»دەپ قارىغاچقا ،ئىندىئانلارنىڭ قولىدىكى يەرنى تارتىۋالماي، يەرسىزلەندۈرۈشنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى ـئېغىر باج-سېلىق ۋاستىسىدىن پايدىلاندى. يىل ئاخىرىدا ھۆسۇلنىڭ يېرىمىنى (بەزى جايلاردا ئۈچتىن بىر ياكى ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى )باج-سېلىققا ھېسابلاپ تۇتۇپ قالدى. ياۋرۇپادا قايسى مەھسۇلاتنىڭ بازىرى ئىتتىك بولسا ئىندىئانلارنى شۇ خىل زىرائەتلەرنى تېرىشقا مەجبۇرلىدى،ياۋرۇپادىن كۆپلەپ مال-چارۋا يۆتكەپ كىلىپ ئىندىئانلارغا مەجبۇرى

باقتۇزدى.ئىندىئانلارنى ئالداپ ئۇزۇقلۇق قىممىتى ئىنتايىن تۆۋەن نەرسىلەرنى يېيىشكە كۆندۈردى .ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ،يۇقۇملۇق كېسەل، ئېغىر ئەمگەك قاتارلىق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئىندىئانلار تۈركۈم ـتۈركۈملەپ قىرىلىپ كەتتى .مۇستەمىكچىلەر يەنە ئىندىئانلارنىڭ قولىدىكى بايلىقنى يېيىۋېلىش مەقسىتىدە ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان «جەننەت بىلىتى »نى يۇقىرى باھادا زورلاپ ساتتى. ئۆلگۈچى ئىندىئانلاردىن قالغان مىراسىنىڭ يېرىمىنى ئۆلگەندىن كېيىنكى دۇئا ـئىلاۋەت ھەققىگە تۇتۇپ قالدى.شۇنداق قىلىپ ئىندىئانلىرنىڭ ھايۋاندىن ھېچ پەرقى قالمىدى.ئىندىئان دىنلىرىدا ھاراققا چىلانغان قوناقنى ئوت كۆيدۈرۈپ ئىلاھلارغا نەزىر قىلىش ئادىتى بار ئىدى.مۇستەملىكچىلەر بۇ ئادەتنى خىرىستىئان دىنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىندىئانلارنى ھاراققا قىزىقتۇردى.1544-يىلى مېكسىكىدا تۇنجى ھاراق زاۋۇتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، جاي-جايلاردا زەھەرلەش كۈچى زور بولغان يۇقىرى گرادۇسلۇق ھاراق ئىشلەيدىغان زاۋۇتلار كەينى ـكەينىدىن قۇرۇلدى. ھاراق بوتكىلىرىمۇ يىراق ـيېقىندىكى يېزىلارغا قەدەر ئومۇملاشتى؛ ھەممە نەرسىدىن ئايرىلغان ئىندىئانلار بىراقلا بېرىلىپ كەتتى ھاراق ئىندىئانلارنى زەئىپلەشتۈرۈپ،جەڭگىۋارلىقنى يوقاتتى ئۇلار ساقال قويۇشقا قارا رەڭلىك كىيىم كىيىشكە ئادەتلەنگەن ئىسپانىيەلىكلەردىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان( ئىندىئان دىنىدا ئۆلۈم ئىلاھى ساقاللىق سۈپەتتە تەسۋىرلىنەتتى،قارا رەڭمۇ بالايى ـئاپەتنىڭ سىمۋولى ئىدى).ھەتتا ئون ئىندىئان بىر ئىسپانىيەلىكنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى ئۆزلىرىنىڭ يوغان بەستى بىلەن كولۇمبوغا يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى «گىگانت ئادەملەر»نى ئەسلەتكەن ئىندىئانلار ھاراققا بېرىلگەندىن كېيىن ،بارغانسىرى كىچىكلەپ ،ئاجىزلىشىپ كەتتى.ئىندىئانلار دۇنيادا تۇنجى بولۇپ تۇغۇت چەكلەش دورىسىنى ئىشلەتكەن بەقۇۋۋەت خەلق ئىدى.ھاراققا بېرىلگەندىن كېيىن ،ئۇلارنىڭ بۆرىكى ئاجىزلاپ ، ئۇرۇقى پۇچەكلىشىپ ئەۋلاد قالدۇرالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى .ھەتتا بىر نەچچە بوتولكا ھاراقنى دەپ خائىنلىق قىلىدىغان ساتقىنلارمۇ بىر نەچچە يۈز بوتۇلكا ھاراققا ئۆز زېمىنىنى تىگىشىۋېتىدىغان قەبىلە باشلىقلىرىمۇ كۆپلەپ چىقتى.

ياۋرۇپا سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىندىئانلارغاقارىتىلغان قۇتلۇق سىياستى ئۆلۈم سىياستىگە ئالماشتى.ئامازۇن دەريا ۋادىسىدىكى ئىككى مىليونغا يېقىن ئىندىئان خەلقى مۇستەملىكچىلەرنىڭ بۇ جايدا كان ئېچىش، زاۋۇت قۇرۇشقا نارازىلىق بىلدۈرۈپ ،چەت جايلارغا كۆچۈشكە قارشى تۇرغاچقا مۇستەملىكچىلەر

سۇ ئارقىلىق مەخپىي تارقاتقان مىكروبتا يۇقۇملىنىپ پۈتۈنلەي قىرىلىپ كەتتى(هازىر 100مىڭچە ئىندىئان قالدى).شەرقىي شىمال كولۇمبىيە ئورمانلىقىدىكى كادىيە ئىندىئانلىرى ئۆزلىرى ئاچقان ئالتۇن كانىنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى مۇستەملىكىچىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بىرىشنى خالىمىغاچقا ،مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن ئۇزۇق-تۈلۈك جەھەتتە قامال قىلىنىپ،سىل كىسىلى بۇلۇپ قىرىلىپ تۈگىدى.برازىلىيە ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقىدىكى ئىندىئانلار مۇستەملىكىچىلەر قەستەن يۇقتۇرغان قىزىل كىسىلى بىلەن يۇقۇملىنىپ قىرىلىپ كەتتى. باشقا نۇرغۇن جايلاردىكى ئىندىئانلارمۇ مۇستەملىكىچىلەر «ئىئانە»قىلغان ،يۇقۇملۇق كىسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلار كىيىپ تاشلىۋەتكەن كىيىملەرنى كىيىپ،يۇقۇملىنىپ قىرىلىپ كەتتى .بەزى مۇستەملىكىچى كاتتىباشلىرى«ئەيسا خرىستىئان دىنىغا بايلىق ياراتقۇچىلارنى قوللايدۇ»دىگەندەك دىنى نىقابقا ئۈرىنىۋىلىپ ،ئاشكارا هالدا «ئىندىئانلار ئىنسانلارنىڭ نەسلى ئەمەس كۆيدۈرۈش ،پارتلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى قۇرۇتىۋىتىش كىرەك»دەپ جار سالدى .ھەتتا ،مۇستەملىكىچىلەر ۋىنىسۇئىلا،ئامازۇن دەريا ۋادىلىرىدىكى،كارىب دىڭىزى ساھىلىدىكى ئىدىئانلارنى ئەمگەككە سىلىش باھانىسىدا يىرتقۇچ هايۋان ،زەهەرلىك ئىلان ،تىمساق،كىت،كۆپ جايلارغا باشلاپ بىرىپ يىيرتقۇچ جانلىقلارغا يەمچەك قىلىپ يۇقۇتىۋەتتى .مۇشۇنداق رەزىل ۋاستىلەر ئالدىدا 40مىليون نوپۇسلۇق ئىندىئان خەلقىدىن هازىر قالغىنى بىر مىليوندىن سەل ئاشىدۇ.

9. خەلقئارا مەۋجۇتلۇق ئىنتىرناتسىئونالىنىڭ خىتابى –قالدۇق ئىندىئانلارنىڭ باهارى

1969-يىلى لوندوندا خەلقئارا مەۋجۇتلۇق ئىنتىرناتسىئونالىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇستەملىكە ئاستىدا يۇقىلىشقا يۈزلىنىۋاتقان ئىندىئانلارغا باهار شامىلى ئىلىپ كەلدى.مەۋجۇتلۇق ئىنتىرناتسىئونالى «بىز ئەڭ ئەقەللىي هوقۇقنى –مىللەتلەرنىڭ ئەلمىساقتىن ياشاپ كەلگەن ئۆز زىمىنىدا هاقارەتلەنمەي ئاچ –يالىڭاچ قالماي ئەركىن ياشاش هوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرۈشىمىز»دىگەن بۇرچىنى ئۆزىگە قىبلىنامە قىلغان .80–يىللاردا پانامادىكى «قىزىلتاغ»ۋادىسىدا لوندوندىكى بىر شىركەت 22مىليارد دوللار مەبلەغ سىلىش بەدىلىگە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مىس كان ئاچماقچى بولغان ۋە بۇ جايدىكى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئىندىئان خەلقىنى سىرتقا قوغلىغان چاغدا،ئىنتىرناتسۇنال «يەرلىك خەلقنىڭ ئۆز مۇھىتىدىن ئايرىلغانلىقى ئۇلارنىڭ هالاك بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ»،«يەرلىك ئاهالە ئەتراپىقا كۆچسە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسانىي

مۇناسىۋەت تورى بۇزۇلۇپ ،غۇرۇرى دەپسەندە بولىدۇ...يەرلىك خەلقنىڭ مەۋجۇتلۇق ھوقۇقىنى قوغدايلى،ئۇلارغا ئۆزىنى قوغداش تاكتىكىلىرىنى ئۆگىتەيلى،مەدەنىيەتلىك جەمىيەتنىڭ ئۇلارۋا بولغان زىيىنىنى ئازايتايلى»دەپ ئېتىراز بىلدۇردى.

ئامرىكىلىق ئىنسانشۇناس يوھان لېندېن ھۆكۈمەتنىڭ «ئېچىش »سىياسىتىنىڭ تەسرىدە ئىندىئانلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىشكە يۈزلەنگەنلىكىنى ،بىر نەچچە ئون يىل ئىچىدىلا برازىلىيەدىكى 270ئىندىئان قەبىلىسىنىڭ 90نەچچىسىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئۆچتىن ئىككى قىسىم قەبىلىنىڭ ئادەم سانىنىڭ مىڭغىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدىغاندىن كېيىن ،برازىلىيەلىك ئىنسانشۇناس داشى رىبلو ماقالە ئېلان قىلىپ «پەقەت قىلچە ئىقتىسادىي قىممىتى يوق دەپ قارالغان جايلاردىلا ئىندىئانلارپۈت قويغۇدەك زىمىنغا ئېرىشەلەۋاتىدۇ،قۇيەردە بايلىق بارلىقى سېزىلگەن كۈندىن باشلاپ شۇ جايدىكى ئىندىئانلرغا قىيامەت باشلىنىدۇ»دەپ نارازىلىق بىلدۈردى.مەۋجۇتلۇق ئىنتىرناتسئونالىنىڭ ئەزاسى بىنتېرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە باياناتنامە تاپشۇرۇپ «بىز ھۆكۈمەتتىن ئاچماسلىق...نى تەلەپ قىلمايمز، بىز پەقەت ھۆكۈمەتتىن ئېچىش پىلانى تۈزىدىغان چاغدا يەرلىك مىللەتلەرگە قانچىلىك ئاۋارىچىلىق كەلتۈرىدىغانلىقنى ئويلىنىشنى، ئۇلارنىڭ كېينكى تەقدىرىنىمۇ پىلانغا كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىمىز»دەپ تەلەپ قويغان.

ئىنسانشۇناسلار ھازىر دۇنيادا ئەڭ ئىلغار دەپ قارىلىۋاتقان تۇغۇت چەكلەش دورىسىنىڭ ئىندىئانلارنىڭ مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئىجادىيىتى ئىكەنلىكىنى، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا ئىندىئانلار مىلادىدىن ئىلگىرى ئىجاد قىلغان دورىلارنى ئىشلەتكەنلىكىنى ئاشكارىلاش ئارقىلىق، ئىندىئانلارنىڭ ئەنئەنۋى ئىگىلىك شەكلىنىڭ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ،ئاڭ سېستىمىسىنىڭ قىممىتىنى تەشۋىق قىلدى .شۇنىڭدىن كېيىن بىر مۇنچە ئالىملار «بىلىمنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ياخشى چارىسى ئۇنى ئۆزى پەيدا بولغان زىمىندا ئىزچىللىقتا ئىگە قىلىش ئىندىئانلارنى ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە قىزىقتۇرۇش يولى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەنئەنۋى ئىگىلىك شەكلىنى داۋاملاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كىرەك »دەپ ھېسابلىغاندىن كېيىن ،مەۋجۇدلۇق ئىنتىرناتسئونالىنىڭ ئامېرىكا شۆبىسى ئامازۇن ۋادىسىدا «مەدەنى مىراسلارنى قوغداش ئورنى »قۇرۇپ، ئامازۇن ھاۋزىسىدا چىقىدىغان ھەر خىل مۇۋە ئۆسۈملۈك مېيى ۋە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى گۈل-گىياھ جەۋھەرلىرىنى خەلقئارا بازارغا سالغان مەسئۇل خادىملارنىڭ مۆلچەرلىشچە بۇ ئورۇن 20يىلدا



www.docin.com

15مىليارت ئامېرىكا دوللىرلىق ساپ پايدا يارىتىدىكان،بۇ جايدىكى ئىندىئانلار يىلىغا بىر مىليارت ئامېرىكا دوللىرىغا ئېرىشىدىكەن ،ئۇلار بۇ پۇل ئارقىلىق مەكتەپ ،دوختۇرخانا ، مىللى كارخانىلارنى قۇرىدىكەن.

1989-يىلى كالفورنىيەدە «شامان دورىلىرى»شىركىتى ئېچىلغان . بۇ شىركەتمۇ ئىندىئانلارغا زور مىقداردا پايدا يارىتىپ بەرگەن.نىيو-يۇرك ئۇنىۋېرسىتېتى(ئۇنىۋېرسىتېت) ...

1989-يىلى كالفورنىيەدە «شامان دورىلىرى»شىركىتى ئېچىلغان . بۇ شىركەتمۇ ئىندىئانلارغا زور مىقداردا پايدا يارىتىپ بەرگەن.نىيو-يۇرك ئۇسۇملۇك تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى بېلىك ئۆزىنىڭ پەقەت ئىندىئانلارلا تېرىشنى بىلىدىغان زىرائەتلەر ئىچىدىن راك ۋە ئەيدىز كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدىغان ماددىنى دەسلەپكى قەدەمدە بايقىغانلىقىنى تەتقىقاتى مۇۋەپپىقىيەت قازانسا ئىندىئانلارنىڭ نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

يېڭى گۋىنىيەگە تۇنجى قىتىم بارغان ئاۋستىرالىيىلىك پېتربات 70-يىللاردا بۇ جايدا بىر ساياھەت ئورنى ئاچقان ،ھەر يىلى ئون مىڭدىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتىۋالغان ھەم بۇ جايدا ئېرىشكەن پايدىنىڭ كۆپ قىسمىنى يەرلىك ئىپتىدائىي مىللەتلەرگە ئىئانە قىلىۋەتكەن .يېقىنقى يىللاردا ئىندىئان يېزىلىرىغا بارغان ساياھەتچىلەر ھەر بىر ئىندىئان ئائىلىسىنىڭ ئەتراپىغا 2-3يۈز ياشنىڭ توپلىشىپ قەدىمكى مەدىنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ،ئاق-چۈشەنچىلىرىنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى، بۇرۇن شەھەرلەرگە قېچىپ كەتكەن ئىندىئان ياشلىرىنىڭمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن.

"ئاسىيا كىندىكى گېزىتى" نىڭ 96-يىل 1-ئايلىق سانلىرىدىن ئېلىندى

## تور نامىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن نىزاملار ..

يوللىغۇچى: **Musicfan**

يوللىغان ۋاقىت: **14:09 24/9/2007**

**ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كومپيۇتېر توردىكى دائىرە نامىغا ئائىت ھەق تەلەپ ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلىشتا قانۇننى تەتبىقلاشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئىزاھاتى**

**س ئى (2001) 24 ـ نومۇرلۇق**

**(2001 ــ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ــ كۈنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى سوت ھەيئىتىنىڭ 1182 ــ يىغىنىدا ماقۇللاندى، 2001 ــ يىل 7 ــ ئاينىڭ 17 ــ كۈنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ئېلان قىلدى، 2001 ـ يىل 7 ــ ئاينىڭ 24 ــ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ)**

**كومپيۇتېر توردىكى دائىرە نامىنى رويىخەتكە ئالدۇرۇش، قوللىنىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە ئائىت ھەق تەلەپ ماجىرا دېلولىرىنى (تۆۋەندە دائىرە نامى ماجىرا دېلولىرى دېيىلىدۇ) توغرا سوت قىلىش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» (تۆۋەندە ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى دېيىلىدۇ)، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى» (تۆۋەندە ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى دېيىلىدۇ) ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» (تۆۋەندە ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى دېيىلىدۇ) قاتارلىقلار قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن تۆۋەندىكىچە ئىزاھات بېرىلدى:**

**1 ــ ماددا كومپيۇتېر توردىكى دائىرە نامىنى رويىخەتكە ئالدۇرۇش، قوللىنىش قاتارلىقلارغا ئائىت ھەق تەلەپ ماجىرالىرىدا دەۋالاشقۇچىلار خەلق سوت مەھكىمىسىگە قىلغان دەۋالاردىن**

تەكشۈرگەندە، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ 108 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە چۈشىدىغانلىرىنى خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

2 ـ ماددا دائىرە نامى ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش ماجىرا دېلولىرى ھوقۇقىقا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈلگەن جاي ياكى جاۋابكار تۇرۇشلۇق جايدىكى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ. ھوقۇقىقا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈلگەن جاي ياكى جاۋابكار تۇرۇشلۇق جاينى بېكىتىش تەس بولسا، دەۋاگەر سەزگەن شۇ دائىرە نامىدىكى كومپيۇتېر تېرمىنالى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر بار جاي ھوقۇقىقا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈلگەن جاي دەپ قارالسا بولىدۇ.

چەت ئەلگە چېتىشلىق دائىرە نامى ماجىرا دېلولىرى دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپ چەت ئەللىك، دۆلەت تەۋەلىكى يوق كىشى، چەت ئەل كارخانىسى ياكى تەشكىلاتى، خەلقئارا تەشكىلات بولغان ۋە ياكى رويىخەتكە ئالدۇرۇلغان جاي چەت ئەلدە بولغان دائىرە نامى ماجىرا دېلولىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە تۇغۇلغان چەت ئەلگە چېتىشلىق دائىرە نامى ماجىرا دېلولىرىدا باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ 4 ـ قىسمىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بېكىتىلىدۇ.

3 ـ ماددا دائىرە نامى ماجىرا دېلولىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ تالىشىۋاتقان قانۇن مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىغا كومپيۇتېر توردىكى دائىرە نامى دېگەن سۆز قوشۇلىدۇ؛ تالىشىۋاتقان قانۇن مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىش تەس بولسا، كومپيۇتېر توردىكى دائىرە نامى ماجىرا دېلوسى دەپ ئاتالسا بولىدۇ.

4 ـ ماددا خەلق سوت مەھكىمىسى دائىرە نامى ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلىشتا، تۆۋەندىكى شەرتلەرگە توشىدىغانلىرىنى جاۋابكارنىڭ دائىرە نامىنى رويىخەتكە ئالدۇرۇش، قوللىنىش قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنى ھوقۇقىقا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈشكە ياكى ناتوغرا رىقابەتلىشىشكە توشىدۇ، دەپ بېكىتىشى كېرەك:

(1) دەۋاگەر قوغداشنى تەلەپ قىلغان ھەق تەلەپ ھوقۇق ــ مەنپەئەتى قانۇنلۇق ۋە كۈچكە ئىگە بولسا؛

(2) جاۋابكارنىڭ دائىرە نامى ياكى ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمى دەۋاگەرنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسىنى كۆپەيتىۋېلىش، تەقلىد قىلىۋېلىش، تەرجىمە قىلىۋېلىش ياكى ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىۋېلىشقا توشسا؛ ياكى دەۋاگەرنىڭ رويىخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسى، دائىرە نامى قاتارلىقلارغا ئوخشاش بولغانلىقتىن ياكى ئوخشىشىپ كەتكەنلىكتىن، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىدىغان بولسا؛

(3) جاۋابكارنىڭ شۇ دائىرە نامىدا ياكى ئۇنىڭ ئاساسلىق قىسمىدا ھوقۇق ــ مەنپەئەتى بولمىسا، شۇ دائىرە نامىنى رويىخەتكە ئالدۇرۇش، قوللىنىشنىڭمۇ ئورۇنلۇق ئاساسى بولىسا؛

(4) جاۋابكار شۇ دائىرە نامىنى يازغان غەرەزدە رويىخەتكە ئالدۇرغان، قوللانغان بولسا.

5 ــ ماددا جاۋابكارنىڭ ھەرىكىتىدە تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بارلىقى ئىسپاتلانسا، خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنى يامان غەرەزدە بولدى دەپ بېكىتىش كېرەك:

(1) باشقىلارنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسىنى سودا مەقسىتىدە دائىرە نامى قىلىپ رويىخەتكە ئالدۇرۇۋالسا؛

(2) دەۋاگەرنىڭ رويىخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسى، دائىرە قاتارلىقلارغا ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان دائىرە نامىنى سودا مەقسىتىدە رويىخەتكە ئالدۇرۇپ، قوللىنىپ، دەۋاگەرنىڭ مەھسۇلاتى، مۇلازىمىتى ياكى تور بېتى بىلەن قەستەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، تور ئابونتلىرىنى ئۆزىنىڭ تور بېرتى ياكى باشقا لىنىيەدىكى بېكەت ــ نۇقتىلارنى زىيارەت قىلىشقا خاتا يېتەكلىسە؛

(3) شۇ دائىرە نامىنى چاقىرىق ئارقىلىق يۇقىرى باھادا سېتىپ، ئىجارە بېرىپ ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئۆتۈنۈپ، نامۇۋاپىق مەنپەئەتكە ئېرىشىۋالغان بولسا؛

(4) دائىرە نامىنى رويىخەتكە ئالدۇرغاندىن كېيىن ئۆزى زادىلا قوللانماي، قوللىنىش كويىدىمۇ بولماي، ھوقۇقدارنىڭ شۇ دائىرە شۇ دائىرە نامىنى رويىخەتكە ئالدۇرۇشنى مەقسەتلىك توسسا؛



www.docin.com

(5) يامان غەرەزدىكى باشقا ئەھۋاللار بولسا.

جاۋابكار ماجىرا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ئىلكىدىكى دائىرە نامىنىڭ خېلى داڭقى بارلىقىنى ھەمدە ئۇنى دەۋاگەر رويىخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسى، دائىرە نامى قاتارلىقلاردىن پەرقلەندۇرگىلى بولىدىغانلىقىنى دەلىل - ئىسپات كۆرستىپ ئىسپاتلاپ بەرسە ياكى ئۆزىنىڭ يامان غەرەزدە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىغان باشقا ئەھۋاللار بولسا، خەلق سوت مەھكىمىسى جاۋابكارنى يامان غەرەزدە بولدى، دەپ بېكىتمىسە بولىدۇ.

6 - ماددا خەلق سوت مەھكىمىسى دائىرە نامى ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلىشتا، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ تەلىپىگە ۋە دېلونىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ، رويىخەتكە ئالدۇرۇلغان تاۋار ماركىسىنىڭ داڭقىنى قانۇن بويىچە بېكىتسە بولىدۇ.

7 - ماددا خەلق سوت مەھكىمىسى دائىرە نامى ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلىشتا، مۇشۇ ئىزاھاتنىڭ 4 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە چۈشىدىغان ئەھۋاللاردىن ئالاقىدار قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشكە توشىدىغانلىرىغا مۇناسىپ قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىنى تەتبىقلىشى كېرەك؛ ناتوغرا رىقابەتكە توشىدىغانلىرىغا ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ 4 - ماددىسىدىكى ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى 2 - ماددىسىنىڭ 1 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىنى تەتبىقلىسا بولىدۇ.

چەت ئەلگە چېتىشلىق دائىرە نامى ماجىرا دېلولىرى ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ 8 - بابىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

8 - ماددا خەلق سوت مەھكىمىسى دائىرە نامىنى رويىخەتكە ئالدۇرۇش، قوللىنىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشكە ياكى ناتوغرا رىقابەتلىشىشكە توشىدۇ دەپ بېكىتكەندە، جاۋابكارنى ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشنى توختىتىشقا، دائىرە نامىنى رويىخەتتىن ئۆچۈرۈشكە بۇيرۇسا بولىدۇ ياكى دەۋاگەرنىڭ تەلىپى بويىچە، شۇ دائىرە نامىنى دەۋاگەر رويىخەتكە ئالدۇرۇش، قوللىنىشقا بۇيرۇسا بولىدۇ؛ ھوقۇقدار ئەمەلىي زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، جاۋابكارنى زىياننى تۆلەشكە بۇيرۇسا بولىدۇ

# (ئىزدەنگۈچى)بىر مائارىپ نەزەرىيىسى

يوللىغۇچى: Musicfan

يوللىغان ۋاقىت: 17:35 22/2/2008

(ئىزدەنگۈچى)بىر مائارىپ نەزەرىيىسى

بۇ تىما مۇنبەرگە بىر قېتىم بېرىلگەن ئىدى ، لىكىن كېيىن تىمىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىپ بولالماي تاشلىنىپ قالدى ، هازىر ئاخىرىنى چىقىراي دىسەم ئەسلىدىكى تىما بەكلا كونىراپ كېتىپتۇ ، شۇڭا ئەسلىدىكىنى ئاز تولا ئۆزگەرتكەن ئاساستا قايتىدىن يوللىدىم . ماۋۇ ئاستىدىكى قۇرلار تەلىم تەربىيە هەققىدىكى بەزى ئەمىلىي مىساللار ، لىكىن كۆپىنچىسى قۇرۇق گەپلەر ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزمۇنلاردا ئائىلە مائارىپىمىزدىكى بەزى نامۇۋاپىق تەرەپلەر هەققىدە توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئامرىكىلىق بىر مائارىپ مۇتەخەسسىسى ئامرىكا مائارىپى بىلەن جوڭگۇ مائارىپىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ چىقارغان بىر مائارىپ نەزەرىيىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن .

بۇرۇن مەن بىر مەسەلنى ئوقۇغان ، بىر ئادەم يېزىغا سۇ ئامبىرىغا دادىسىنى يوقلاپ بارىدىكەن . دادىسى شۇ سۇ ئامبىرىنىڭ هۆددىگە ئالغۇچىسى بولغاچقا ئۇلار هەر كۈنى پىلانلىق هالدا بېلىق تۇتۇپ شەهەردىكى خېرىدارلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەككەن . ئۆيدىكىلەرنى يوقلاپ بارغان بۇ كىشى شۇنىڭ بىلەن بېلىق تۇتۇش جەريانىغىمۇ داخىل بوپتۇ . ئۇلار ئاۋال تورنى كۆلگە تاشلاپ بېلىقلارنى بىر تەرەپتىكى كىچىك كۆلچەككە هەيدەپ كەلگەندىن كېيىن كۆلچەكنىڭ توسقىنى ئېتىۋېتىپ ، كۆلچەك ئىچىدىكى سۇلارنى چىلەكلەپ ئېلىپ بېلىقلارنى سۇ ئاز قالغاندا بىراقلا تۇتىدىكەن . ئۇ كىشى بارغان كۈنى دەل ئۇلارنىڭ چىلىكىنىڭ ياغاچ شاللىرى ( ئۇلارنىڭ ئىشلىتىدىغىنى ئەتراپى ياغاچ شاللار بىلەن قورشالغان كونا زاماندىكى چىلەك ئىكەن )

ھەممىسى دېگۈدەك سۇنۇپ كەتكەن بولۇپ ، بىر چىلەك سۇ ئالسا سۇنى سىرىتقا تۆكۈپ بولغۇچە يېرىم چىلەكتىن جىقراقى تۆكۈلۈپ كېتىدىكەن . ئۆي يىراق بولغاچقا يەنە يېڭى چىلەك ئەپ كېلىشكە بەك كۆپ ۋاقىت كېتىدىكەن . ئۇ كىشىنىڭ دادىسى ئەھۋالنى كۆرگەندىن كيىن بالىسىغا سىرىتتىن شال پارچىسى تېپىپ كېلىپ چىلەكنىڭ ئەڭ قىسقا شىلىغا ئۇلاپ ۋاقتىنچە ئىشلىتىپ تۇرۇشنى كۆرسىتىپتۇ ، راستىلا بۇنىڭ ئۈنۈمى بولۇپ ، ئۇلار تىزلا كۆلچەكتىكى سۇنى سىرىتقا توشۇپ بوپتۇ ... شۇندىن كيىن بۇ كىشى " ئەڭ قىسقا شالنى ئاۋال ئوڭشاپ تۇرايلى " دىگەن شۇ گەپنى ئېسىدىن پەقەتلا چىقارماپتۇ ، ھەم تۇرمۇشىدا كۆپ پايدىسىنى كۆرۈپتۇ ....

شۇنداق ، بەزى ۋاقىتلاردا بىز شۇنداق ئەھۋالغۇ دۇچ كېلىمىزكى قىلىۋاتقان ئىشىمىزنىڭ ھەممىسى پايدىسىز ئەھۋالدا ، ئىلگىرىلەش يولىمىز ئۆزىمىزنىڭ پايدىسىز ئامىللىرى تەرىپىدىن مەھكەم چىرماپ ئېلىنغان ، يەنە كېلىپ بىزنىڭ بۇلارنى بىر يولىلا ئۆزگەرتىشكە ماجالىمىز يوق ... مەسىلەن مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ... ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەقىقەتەنمۇ بەك كۆپ ، بۇنى ئويلىساق ئۇ تۇرغان ، ئۇنى ئويلىساق بۇ تۇرغان ، ھەممىنى ئەمەس مەلۇم بىر ساھەدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىشمۇ ناھايىتى كۆپ ۋاقىت ، زىھىن ، مەبلەغ تەلەپ قىلىدۇ ... بۇنداق ئەھۋالدا ئىلگىرىلەش سۈرئىتى ئەڭ تىز بولغان يول قايسى ؟ بىز ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بىر يولنى تېپىشقا مۇھتاج ، ھازىرقى شارائىتىمىز ئاساسىدا ئامالنىڭ بارىچە تەرەققىيات قەدىمىمىزنى تىزلىتىش ... مېنىڭچە بۇ يەردە يۇقىرىقى " ئەڭ ئاجىز شال " نەزىرىيىسى بىزگە بەزى ئىلھاملارنى بېرەلەيدۇ . بىزدىكى " ئەڭ ئاجىز شال " زادى نىمە ؟

مائارىپنىڭ گېپى چىقسا جەمىيىتىمىزدە ئەڭ مودا بولغان بىر ئاتالغۇ ئاتالمىش " ساپا مائارىپى " ، ئېسىمدە قېلىشىچە بۇ گەپ مەن تولۇقسىزدىكى ۋاقتىمدا چىققانىغۇ دەيمەن ، كىچىكىمدىن ساقال تاراپ ئۆگىنىپ قالغانمۇ مەن تېخى تولۇقسىز 2-يىللىقتىكى ۋاقتىمدا باشلانغۇچ مائارىپ

ئىسلاھاتى ھەققىدىكى بەزى كونكىرىت تەدبىرلىرىمنى " تارىم غۇنچىلىرى " دا ئېلان قىلىپمۇ ئۈلگۈرگەن . شۇندىن بۇيان مانا **10** يىللار بوپتۇ ، ساپا مائارىپىنى ئۇمۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز ، ئەلۋەتتە دۆلىتىمىز ئوتتۇرا باشلانغۇچ مائارىپىدىكى مەسىلە يالغۇز ئوتتۇرا باشلانغۇچ مائارىپىنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلە ئەمەس ، نۇرغۇن سىرتقى ئامىللار مەۋجۇت ، لىكىن شۇنداقتىمۇ **10** يىل ئىچىدە ساپا مائارىپى بىز ئاز تولا ھىس قىلغۇدەك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشى كېرەك ئىدى ، ئەپسۇس ، سۈرئەت بەكلا ئاستا ، بەلكىم بىز تېخى يېقىن مەزگىللىك پايدىنى قوغلىشىش مەزگىلىدىن ھالقىپ بولالمىغاندىمىز ، قولدا تۇتۇپ ھىس قىلغىلى بولىدىغان پۇل ، ئىقتىزاد شۇنچە تەرەققى قىلدىيۇ ، مائارىپىمىزنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئۇنىڭغا يېتەلمىدى ... بەلكىم بۇلار مېنىڭ خاتا تەسىراتىمدۇ ، شۇنداقتىمۇ ھېچقىسى يوق ، چۈنكى بۇلار تىمىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم تەرەپ ئەمەس . مەن بۇ تىمىدا ئاساسلىق قىلىپ ئائىلە تەربىيىسى ۋە بۇرۇن كۆرگەن بىر مائارىپ نەزىرىيىسى ھەققىدە توختالماقچى .

مەن ئالدى بىلەن بەزى ئۆزۈم بىلىدىغان ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەي .

شۇنداق بىر بالا بولغان ، ئۇ كىچىك ۋاقتىدا دائىم ئۆزى يالغۇز ئويناشقا ئامراق ئىدى ، ھەتتا سىڭلىسى بىرگە ئويناشنى تەلەپ قىلسىمۇ قوشۇلمايتتى ، ئانىسى ئۇنى مال بېقىشقا چىقىرىۋەتسە ئۇ بىر تەرەپتە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ ماللارنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپ كۆپ قېتىم باقىلارنىڭ زىرائىتىنى يەپ كەتكەچكە ئانىسى ئۇنى مال بېقىشقا بۇيرۇشتىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ قالغانىدى ، كۈندە ئۆزى يالغۇز خىيال سۈرۈش ، ئۆزى بەزى ددى ئويۇنلارنى ئويناش ئادىتى تاكى ئۇ **8-9**ياشقا كىرىپ تاغىسى تەرىپىدىن مەكتەپكە ئەۋەتىلگىچە داۋاملاشقانىدى . سىزنىڭچە بۇ بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن قانداق ئادەم بولۇپ چىققاندۇ ؟ بىزنىڭ ئۆلچىمىمىز بويىچە بولغاندا بۇنداق ئادەمنىڭ ھېچقانداق ئىشقا يارىمايدىغان لايغەزەللەردىن ئىكەنلىكىدە

docin 豆丁 www.docin.com

گەپ يوققۇ دەيمەن .

يۈقىرىقى ھېكايىمىزنىڭ باش قەھرىمانى يېقىنقى زامان تەبىئىي پەن تەتقىقاتىنىڭ يول ئاچقۇچىسى ، داڭلىق فىزىكىشۇناس ، ماتېماتىك ، پەيلاسوپ . ئۇنى كىشىلەر نيۇتۇن دەپ ئاتايدۇ .

يەنە شۇنداق بىر بالا بولغان ، ئۇمۇ كىچىكىدە ئۆزى يالغۇز ئويناشنى ياقتۇراتتى ، سىرىتتا باشقا بالىلار قىقاس سۈرەن سېلىپ ئويناۋاتقاندا بۇ بالا ئۆيدە يالغۇز ياكى سىڭلىسى بىلەن بىرگە ياغاچ پارچىلىرىدىن ئۆي تىزىش ئويۇنى ئوينايتتى ، ئۇ بۇ ئويۇنغا ھەقىقەتەنمۇ باكلا ئامراق ئىدى . ئۇ تولا گەپ قىلمايتتى ، مەكتەپتىكى ۋاقىتلىرىدا كۆڭلىدە سوئاللىرى بولسىمۇ مۇئەللىمدىن سورىمايتتى ، ھەتتا ئالى مەكتەپتىكى ۋاقىتلىرىدا دائىم دەرىستىن قاچاتتى ... سىزچە بۇ كىم ؟ ئەلۋەتتە بۇ كىشىنىڭمۇ ناھايىتى داڭلىق شەخس ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بولدىڭىز ...

بۇ بالىنىڭ ئىسمى ئالبېرت . ئېينشتېين . كىشىلەر ئۇنى 20-ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئالىم دەپ تەرىپلىشىدۇ ، سىز دائىم كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن بۇندىن كېيىن يەنە بىر ئېينشتېيننىڭ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس دىگەن گەپلىرىنى ئاڭلايسىز .

يەنە بىر قىزبالا بولغان ، ئۇكىچىكىدىنلا ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپ قوياتتى ، بارلىق پائالىيەتلىرىنى كونترول قىلىپ تۇراتتى ، ھەتتا سىرىتقا ئوينىغىلى چىقىش تۈگۈل قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ئوينىشىغىمۇ رۇخسەت بېرىلمەيتتى ، ئۇنىڭ ئەڭ زور ئەركىنلىكى ئۇدۇل جوشنىسىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ ئانىسى دائىم كۆرۈپ تۇرالايغان يەردە ئويناش ئىدى . ئۇدۇل قوشنا ئۆيدىكى ئايال بۇ قىزنىڭ " شىمىس خانىم ، سىز ئىشىكنى تاقاپ

www.docin.com

قوپسىڭىز مەن ئۆيىڭىزدە ئوينىيالمايمەن " دىگەن گېپىگە ئادەتلىنىپ كەتكەندى . ئۆيدىكىلەر يەنە دائىم ئۇنىڭغا ئۇنىڭ باشقا قىزلارغا ئوخشمايدىغانلىقىنى ، شۇڭا باشقا قىزلارنى دوراپ كىيىنىشىنىڭ ھجىتى يوقلىقىنى تەكىتلەيتتى .... سىزچە بۇ كىمدۇ ؟ ئىشىنىمەنكى سىز بۇ قىزنىڭ كىملىكىنى پەرەز قىلالمايسىز . ئەلۋەتتە ئۇ بىر داڭلىق شەخس ، بولمىسا ئۇ مەندەك بىر شەخسنىڭ ئۇنىڭ كەچۈرمىشىگە شۇندە قىزىقىشىمغا نائىل بولالمىغان بولاتتى ...

بۇ قىز ھازىرمۇ ھايات ، ئامرىكىلىقلار ئۇنى " ھەي ، رېس " دەپ چاقىرىشىدۇ ، بەزىدە ئىسمىنىڭ ئالدىغا دۆلەت ئىشلىرى كاتىبى دەپ ئەمەل نامىنى قوشۇپمۇ قويىدۇ ...

يەنە شۇنداق بىر بالا بولغان ، ئۇنىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ ئۇ كىچىدىنلا ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپ قوياتتى ، ئۆگىنىش ، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى پىلانلاپ بېرەتتى ھەم ھەر كۈنى ئۆزلىرى تەكرار قىلىپ بېرەتتى ... بۇ بىزنىڭ دىيارىمىزدا بولغان ئىش ، ئەمىسە بۇ كىمدۇ ؟

بىز توردا ئۇنى " ھەي **JECK** " دەپ چاقىرىمىز ، ئۇ ھازىر ئامرىكىدا تولۇق ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن دوكتۇرلۇق ئوقۇشىنى ئوقۇۋاتىدۇ .

بۇلارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز ؟ ئەلۋەتتە ھەر بىر ئوقۇرمەن بەلكىم بۇ بايانلار بىلەن ئۆزىنىڭ ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئائىلە تەربىيە ئەھۋالىنى ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى پەرزەنت تەربىيىسىگە بولغان مۆلچىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىققان بولىشى مۇمكىن .

مېنىڭ شۇنداق سىلىشتۇرۇشلاردىن كېيىنكى يەكۈنۈم شۇكى ئىلمى تەلىم تەربىيە ئۇقۇمى بىزدىن خېلىلا يىراق ، ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە خاس تەلىم تەربىيە ئادەتلىرىمىز يېتىلمەي تۇرۇپلا تەسەۋۋۇرىمىزدىكى ئەركىن غەرىپ مائارىپى دۇنياسىغا شۇڭغۇپ كەتتۇق ، ھالبۇكى ئەمىلىيەتتىكى غەرىپ بولسا پۈتۈنلەي باشقىچە قىياپەتتە تەرەققى قىلىۋاتاتتى ...

بىزدىكى ئائىلە تەربىيىسى

1. بالىنىڭ زادى قانچىلىك ئەركىنلىكى بار ؟

كۆپىنچە ئۇيغۇر بالىلار مۇنداق دېيىشىمىز : بۇ خەنزۇ ساۋاقداشلىرىمىز كىچىكىدىن ھەممە نەرسىنى ئاتا ئانىسىنىڭ دېگىنى بىلەن قىلىپ ئادەتلەنگەن ، شۇڭا تۇرمۇش تەجرىبىسى بىزدىن ئاز ، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشتە بىزگە يىتەلمەيدۇ ... ۋەھاكازالار . ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ ؟ ناتايىن ، ئامرىكا ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى سېلىشتۇرايلى ، قېنى قايسىسى ئېرىشكەن ئەركىنلىك كۆپكەن ؟ ئەگەر ئامرىكا ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئائىلە مائارىپى ھەققىدە ماتىريال كۆرۈپ باقمىغان بولسىڭىز ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى بايانلىرىنى كۆرۈپ باقسىڭىز بولىدۇ ، بىز ئاسانلا شۇنى بايقايمىز ، ھازىرقى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى رېسىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش قاتتىق باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى ئامرىكىدا ئالاھىدە ئەھۋال ھىساپلانمايدۇ . نۇرغۇن ئامرىكىلىق ياش ئاتا ئانىلار بالىسىنى گەرچە رېسىنىڭ ئاتا ئانىسىدەك چىڭ تۇتىۋالمىسىمۇ ، لىكىن بالىسى دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بارىمەن دەپ چىقىپ كەتسە كېيىن شۇ دوستىنىڭ ئۆيىگە تېلىفۇن بېرىپ بالىلارنىڭ نىمە قىلىۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ قارايدۇ . بۇ بەكلا ئېشىپ كەتتىمۇ نىمە ؟ بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمىيىتىمىزدە بالىلارنىڭ ئەركىنلىكى ھەقىقەتەنمۇ خېلىلا چوڭ . كىچىك تۇرۇپلا نىمە كەيگۈسى بولسا شۇنى كىيىمەن دەپ ئالغۇزالايدۇ ( يىغلاپمۇ بولسا ) ، چوڭ چوڭ نەرسىلەرنى ئالغۇزسىمۇ ئاتا ئانىسىنىڭ شەرت قويۇشىغا ئۇچرىمايدۇ . ئەكسىچە بىز ئامرىكىلىق ئاتا ئانىلارنىڭ دائىم بالىلىرىغا مەلۇم شەرتنى ئورۇنداش بەدىلىگە ئاندىن چوڭراق نەرسىلەرنى

سېتىۋېلىش پۇرسىتى بېرىدىغانلىقىنى كۆرىمىز .

نېمىشقا ئامرىكىلىق باللار بىلەن سېلىشتۇرىمىز ؟ چۈنكى ئامرىكىلىق ئاتا ئانىلار چوڭ قىلغان شۇ باللارنىڭ تۇرمۇشتا مۇستەققىل مەۋجۇت بولۇش ، ياشاش ئىقتىدارى باشقا رايونلاردىكى باللارغا قارىغاندا روشەن يۇقىرى . ھالبۇكى ئاتا ئانىنىڭ بالىنى تەربىيىلىشىدىكى ئەڭ تۈپ ئارزۇسى دەل بالىسىنىڭ مۇستەققىل ھالدا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىشى ، ھەم مۇۋەپپىقىيەتلىك ئىنسان بولۇپ چىقىشى ئەمەسمۇ .

شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى ، بالىنىڭ ئاق قارىنى پەرىق ئېتىش ئىقتىدارى ھامان چەكلىك بولىدۇ ، دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممە دۆلەتتە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ھامىيلىق قىلغۇچى ئۈستىگە ئېلىشى بەلگىلەنگەن . شۇنداق ئىكەن بالىنىڭ تۇرمۇشىدا قانچىلىك ئىشلارنى بالىنىڭ ئۆزى قارار قىلىش پۇتۇنلەي شۇ بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن بولىش كېرەك . ئاتا ئانا بولغۇچى بالىسىغا كىچىكىدىنلا بەزى ئاددى ئىشلارنى ئۆزى قىلىشنى ئۆگىتىشى ، ھەم مۇنداق ئىشلارنى بارا بارا كۆپەيتىشى ، پىلانلىق ، مەقسەتلىك ھالدە بالىسىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ، ئىش بىجىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىشى كېرەك . شۇندىلا بالىسىنىڭ توينى قىلىپ قويۇپمۇ يەنە بالىشىنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئەھۋاللاردىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ . ھالبۇكى بۇنداق ھالەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر شەرتى دەل شۇ بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدىكى تەربىيە . بىز چوقۇم بالىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ، ئىش بىجىرىش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىك بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز ، شۇ ئاساستا مۇۋاپىق باشقۇرىشىمىز ، يېتەكلىشىمىز كېرەك .

مۇنداق بىر مىسال ئالايلى : بىر دوستۇم بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ ئۇ ماڭا ئۇنىڭ قىز بالىنىڭ كىيىمنىڭ يېڭى بەك قىسقا بولۇپ قالسا ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ، ئاتا ئانىسىنىڭمۇ كىچىكىدىنلا ئۆيدە ئۇنىڭ ئاچىسىغا شۇنداق نەسىھەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . مەن شۇنداق دەيمەنكى مۇشۇنداق ئاتا ئانىلار كۆپپىيدىكەن بىزنىڭ ئائىلە مائارىپىمىز يەنىلا كۆپلىگەن يارامىلىق ،

ئېسىل پەزىلەتلىك كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقالايدۇ . ئەگەر بىر ئۆيدە يۇقىرىقىدەك مەسىلە تىلغا ئېلىنمىسىچۇ ؟ بەلكى ئۆلارنىڭ قىزى يۇرتتىكى ۋاقتىدا ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن يېڭى قىسقا نەرسىلەرنى كېيىشكە پۇرستى بولماس . كېيىن ئوقۇشقا مېڭىپ قالسىچۇ ؟ ئۇرۇمچى ياكى ئىچكىرىنىڭ قايسىبىر ئاۋات شەھىرىگە بېرىپ ، ئەسلىدە قىزلارنىڭ كىيىمىنىڭ تورىنىڭ شۇنداق كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقىسىچۇ ؟ ئىشىنىمەنكى يۇقىرىقى گەپ تەكتىلەنمىگەن ئائىلىدە چوڭ بولغان قىز بالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇ يېڭى » مەدىنىيەت» تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىۋېتىلىدۇ . سىز بۈگۈن ئۆزىنىڭ مورىسى غىل پال كۆرىنىدىغان تور كوپتا كېيگەنلىكىنى كۆرسىڭىز ئەتىسىلا مۆرىسى ئوچۇقلا قالغان يېپلىق ئاسما مايكا كىيىۋالغانلىقىنى كۆرەلەيسىز . باشقا تەرەپلەردىمۇ ھەم شۇنداق .

شۇڭا بىرىنچى بولۇپ تەكتىلىمەكچى بولغان نوقتام شۇكى بالىڭىزنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ، ئىش بىجىرىش ئىقتىدارى ، قىممەت قارىشى قاتارلىقلارنى مەقسەتلىك ، پىلانلىق ھالدا تىزگىنلەپ ، يېتەكلەپ تۇرمىسىڭىز بىز سىزنى مەسئۇلىيەتسىزلىكتە ئەيىپلىسەك بولىدۇ .

2. بالىنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش قابىلىيىتى ئاتا ئانىنىڭ يېتەكلىشى ، پۇرسەت يارىتىشى ۋە تەربىيىلىشىگە مۇھتاج .

ھەممىمىز بىلىمىزكى يىرتقۇچ ھايۋانلار بالىلىرىنى بوۋاق مەزگىلىدە يېنىدا تۇرغۇزۇپ ئوۋ ئوۋلاش ، ئۆزىنى قوغداش قاتارلىق ماھارەتلەرنى ئۆگىتىدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭغا شۇ ئايانكى بالىسى كىچىك ۋاقتىدا مۇشۇ ماھارەتلەرنى ياخشى ئۆگىنىۋالسىلا كېيىن بالىسى ئۆزى مۇستەقىل ياشىغان ۋاقتىدا بالىسىدىن ئەنسىرەشىنىڭ ھاجىتى يوق .

ئامىرىكىلىق ئاتا ئانىلار بىلەن بالىلارنىڭ گېپى چىقسا بىز دائىم مۇنداق گەپنى ئاڭلايمىز : ئامىرىكىدا ئاتا ئانا بىلەن بالا ئارىسىدا مېھىر مۇھەببەت باكلا ئاز ، ئاتا ئانىسىنىڭ بالىلىرى بىلەن كارى بولمايدۇ ، بالىلىرىنىڭ ئاتا ئانىسى بىلەن كارى بولمايدۇ ... ئەلۋەتتە ئامىرىكىلىق

قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن ئۆيدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يىراقلىشىدىغانلىقى راست ، لېكىن بىز ئويلىغاندەك ئۇنداق مېھرىسىزمۇ ئەمەس . ئەڭ مۇھىمى شۇكى باللار قۇرامىغا يېتىشتىن بۇرۇن ئاتا ئانىلار بالىسى بىلەن كارى بولمايدۇ ئەمەس بەلكى ئامال قىلىپ بالىسىنىڭ مۇستەققىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەيدۇ . ئەمىلىيەتتە بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بىزنىڭ ئاتا ئانىلار بىلەن باللار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن كۆپ يېقىن ، شۇنداقلا ئىلمىلىكى يۇقىرى . مەيلى مەكتەپتە بولسۇن ، ياكى ئائىلىدە بولسۇن ئامرىكا جەمىيىتىدە شەخسىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى ، مەيدانى بولىشى ئالاھىدە تەكىتلەنگەچكە ، بىز ئامرىكىلىق باللارنىڭ كىچىكىدىنلا نۇرغۇن .ئىشلاردا ئۆزىگە خاس قاراشقا ئىگە بولغانلىقىنى ، ھەتتا ئۆزىنىڭ نەزىرىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى بايقايمىز . مېنىڭچە بۇ تەرەپلەردىن قارىغاندا ئامرىكا ئاتا ئانىلىرىنىڭ مائارىپى يىرىتقۇچ ھايۋانلارنىڭ باللىرىنى تەربىيلىشىگە ئوخشايدۇ . بىزنىڭ ئائىلە مائارىپىمىز بولسا ئۆي ھايۋىنىنىڭ بالىسىنى تەربىيلىگىنىگە ئوخشايدۇ . چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ توپتىن ئايرىلالمايدۇ ، توپتىن ئايرىلسا نىمە قىلىشىنى بىلەلمەيدۇ ، شۇڭا بىر ئۆينىڭ ئىگىسى بولغان ، بىر بالىنىڭ دادىسى بولغانلارمۇ يەنە ئاتا ئانىسىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ ، غەم يىگۈزىدۇ ... ئەلۋەتتە دىمەكچىمەنكى يۇقىرىقىدەك نامۇۋاپىق ئەھۋاللار بىزدە نىسبەتەن كۆپرەك .

شۇڭا ئىككىنجى بولۇپ يەكتىلمەكچى بولغىنىم باللارنىڭ مۇستەققىللىك ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش مەسىلىسى . بالىنىڭ كىچىكىدە ئۇنىڭغا ئۆگىتىشكە تىگىشلىك نەرسىلەرنى ئۆگەتمەي ، ئۇنى چېنىقتۇرماي كېيىن چوڭ بولغاندا » يىمەي يىگۈزۈپ ، كەيمەي كەيگۈزۈپ چوڭ قىلغان بالام قىلغان ئىشىڭ مۇشۇمۇ ؟» دىسەك پەقەتلا قاملاشمايدۇ . ئەمىلىيەتتە سىزنىڭ يىمەي يىگۈزىشىڭىز ، كەيمەي كەيگۈزىشىڭىزنىڭ نىڭ ئۆزىلا خاتا بولغان . بالىنى تەربىيلەشتە مۇھىمى بالا كېيىن رەھىمسىز تىڭرمۇش رىقابىتىدە پۇت دەسسەپ تۇرالامدۇ يوق دىگەن مەسىلىنى ئويلىشىمىز كېرەك . كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا بالام ياخشى كۈن كۆرىۋالسۇن دېسەك ، كۆزىمىز يۇمۇلغاندىن كېيىن بالا ئۇنداق ياخشى كۈننى پەقەتلا كۆرەلمەيدۇ .

**3. بالىنىڭ روھ باغچىسىنى ئاتا ئانا قوپۇرۇپ چىقىدۇ .**

ئەمدى تۇغۇلغان بوۋاق خۇددى بىر ۋاراق ئاق قەغەز ، شۇندىن كىيىن ئۇ ئۇچرىغان ھەر بىر يېڭى شەيئى ئۇنىڭدا ئىز قالدۇرۇپ ماڭىدۇ . بۇ قەغەزدە بالا قۇرامىغا يېتىشتىن بۇرۇن ، بولۇپمۇ ئەقلىنى تېپىشتىن بۇرۇن نىمىلەرنىڭ ئىز قالدۇرىشى ناھايىتى چوڭ دەرىجىدە ئاتا ئانا بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ئاشۇ ھىچنىمىنى بىلمەيدىغان بوۋاق كىيىنچە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدىغان ، نۇرغۇن ئىشلاردا ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىدىغان بولۇپ كېتىدۇ ، بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىمۇ دەل ئاتا ئانا تەربىيىسى . قىسقىسى بالىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ، دۇنيا قارىشى ، قىممەت قارىشى ، ئەخلاق پەزىلىتى ... قاتارلىق ئىنسانىي سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاتا ئانىنىڭ تەسىرى بىلەن بولىدۇ ھەم ئاتا ئانىنىڭ كونتروللىقىدا بولىشى كېرەك . ئەگەر سىز ئەمدى تۇغۇلغان بوۋاقىقا تاماكا چېكىشىنىڭ زىيانلىق ياكى پايدىلىق ئىكەنلىكى مەسىلىسىدە بالامنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىمەن دەپ كاچلىق قىلمىسىڭىزلا ، بىز شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى ئاتا ئانىنىڭ بالىنىڭ بارلىق ئىنسانىي پەزىلەتلىرىنىڭ قانداق بولىشىنى كونترول قىلىش ھوقۇقى بار ھەم بۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىر خىل مەسئۇلىيەت .

پىلانلىق ، مەقسەتلىك ، ئىلمىي تەربىيە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئائىلىلەردىكى باللارنىڭ باشتىن ئاخىر ئالىجاناب كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس . بۇ تەرەپتە مەن بۇرۇنقى خان جەمەتى ئەزالىرىنىڭ تەربىيىسىنى كۆرسەتمەكچى . مەيلى بىزنىڭ تارىخىمىزدىكى بولسۇن ياكى ياۋروپا ، ئوتتىرا تۈزلەڭلىك تارىخىدىكى بولسۇن خان جەمەتى باللىرىنىڭ تەربىيىسى بىر دۆلەتتىكى شارائىتى ئەڭ ياخشى تەربىيە شۇنداقلا مەقسەتچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك ، كونتروللۇق دەرىجىسىمۇ ئەڭ كۈچلۈك تەربىيە . تارىخ بېتىنى ۋاراقلىساق شۇنى كۆرىۋالالايمىزكى پەرزەنت تەربىيىسىنى بوش قويمىغان ھەر قانداق بىر پادىشاھنىڭ تەختى بالىسىنىڭ قولىدا تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىغان . يەنىمۇ مۇھىمى شۇكى قاچانكى ئەل يۇرتنىڭ بېشىغا ئاپەت چۈشسە دەل شۇ خان ئەۋلادلىرى ئەڭ ئاۋال باش

كۆتۈرۈپ خەلىققە باش بولۇپ زۇلۇمنى يوقىتىشقا ئاتلانغان . ( بۇ يەكۈننى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ « قەدىمكى ئۇتتىرا ئاسىيا » دىگەن كىتابىدا ئېنىق كۆرەلەيمىز ) بۇرۇنقى تارىخنى بىلمەيدىغانلار ھازىرقى غەرىپ ئەللىرىنىڭ خان جەمەتى ئەزالىرى ھەققىدە ئىشلىگەن فىلىملىرىنى كۆرۈپ باقسىمۇ بولىدۇ . گەرچە دۆلىتىمىزدە سىنىپىي كۆرەشنىڭ تامغىسى تۈپەيلى بىز خان جەمەتى قاتارلىق ئاقسۆڭەكلەر جەمەتىنى ئاچكۆز ، ياۋۇز ، زالىم قىياپەتتە كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولۇپ قالغان بولساقمۇ ، غەرىپ ئەللىرىدە ئاقسۆڭەكلەرنى بولۇپمۇ خان جەمەتىنى ھۆرمەتلەش ئادىتى ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا . بۇلارنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ، مۇھىمى شۇكى ئاشۇ خان جەمەتى ئەزالىرىنىڭ ئىنسانىيلىق خىسلىتىنىڭ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولغان تەربىيە مۇھىتى ئۇلارنى ئەنە شۇنداق ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلغان ئامىللارنىڭ بىرى .

« ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق » دىگەن گەپ بىكارغا چىقمىغان . ھەر بىر يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ كىيىن قانداق ئادەم بولىشى ، ئۇنىڭ كىشىلىك پەزىلىتى ، تۇرمۇش ئىقتىدارى ، قىممەت قارىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاتا ئانىنىڭ تەسىرىدە تەرەققى قىلىدۇ ، شۇڭا ئاتا ئانىلار پەرزەنتلىرىمىزنىڭ روھىي يېتىلىش جەريانىغا يېتەرلىك دىققەت ئېتىبارىمىزنى بېرىشىمىز كېرەك .

**4. بالىلار بالىلاردەك چوڭ بولسۇن .**

ئالدىنقى يازمىلاردا مەن توختىماستىن ئاتا ئانىنىڭ بالىنىڭ پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇش ، كونترول قىلىپ تۇرۇش كىرەكلىكىنى تىلغا ئالدىم ، بىراق ئەمىلىي تۇرمۇشتا قارىساق نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەردە بىر ئىش قانچە تەكىتلەنگەنچە بالا شۇ ئىشقا ئۆچ بولۇپ كېتىدىغان ، ئاتا ئانا قانچە چىڭ باشقۇرغانچە بالا شۇنچە بەك ئاينىيدىغان ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىش ئەھۋالى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدۇ . بۇ زادى نىمە ئۈچۈن ؟ ئەجەبا بالىلارنى مەيلىگە قويۇپ بېرىش كېرەكمۇ ؟

ياق ، يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەلىيەتتە چوڭلارنىڭ بالىلارغا مۇئامىلە قىلغاندا ئالدىدىكى بالىنىڭ ئۆزىدىن خېلىلا كىچىك ئىكەنلىكىنى ، ئۆزىمۇ شۇنچە كىچىك ۋاقىتلىرىدا شۇ بالىغا ئوخشاش گۆدەك خىياللىرىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇۋۇپ قېلىپ كىچىك بالىغا چوڭ ئادەملەرگە قويىلىدىغان تەلەپ بويىچە مۇئامىلە قىلىشىدىن بولغان ، ھەتتا بەزى ناچار ئەھۋاللاردا شۇنداق ئىشلار بولىدۇكى بەزى ئاتا ئانىلار بالىسىغا ئادەتتە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ ، ئىش يوغىناپ دىققىتىنى تارتقاندا ئاندىن بالىسىدىن ۋايساپ ھالى قالمايدۇ . ۋاي سېنى نىمە بىرىپ چوڭ قىلغاندىمەنەي ، سېنى باققىچە باشقا بىر نىمە باقسامچۇ يەي ... شۇنداق دەيمەنكى بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاتا ئانا بولۇش سالاھىيىتى يوق .

مەن بەزىدە شۇنداق ئويلاپ قالىمەن ، كىيىن بالام تۇغۇلغاندىن كىيىن ئۇنىڭ پەقەت بالىلار پىروگراممىسى ، بالىلار كىنوسى ، تەنتەربىيە پىروگراممىلىرى ، مۇسابىقىلەر يەنە باشقا ساياھەت ياكى قىزىقارلىق تىمىدىكى پىروگراممىلار قاتارلىقلارنىلا كۆرگىلى قويىمەن . مۇمكىن بولسا ئۆيدە ھەر كۈنى ھەممەيلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ ئۆزۈنغا سوزۇلغان تېلىۋىزىيە فىلىمنى كۆرۈشنى چەكلەيمەن ، ھېچبولمىغاندا بالىلارنىڭ بۇنداق چوڭلار فىلىمنى كۆرىشىنى قەتئىي چەكلەيمەن . ئۇيغۇرچىدا بولمىسا خەنزۇچىدا تولا بالىلار قانىلى ، ئۇنىڭدىمۇ بولمىسا بالىنى دوستلىرى بىلەن ئويناشقا ئۇيۇشتۇرىمەنكى ئۆيدە تېلىۋىزورغا قاراپ ئولتۇرىشىغا يول قويمايمەن .

بالىلار بالىلارچە تەپەككۇر بىلەن چوڭ بولسۇن . چوڭلار ئارىسىدىكى ساختىپەزلىكلەرنى ، ناھەقچىلىقلەرنى ، مۇھەببەت رومانتىكلىرىنى چوڭ بولغاندىن كىيىن كۆرسۇن .

بەزىلەرگە ھەيرانمەن ، بالىلار مۇھەببەتلەشمىسۇن دەپ توۋلايمىزكى ھەر كۈنى شىنجاڭ تېلىۋىزىيە ئىستانسىسى قويىۋاتقان چوڭلار فىلىملىرىدىن بالىلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە بەھىر ئالىمىز . بەكلا گۆدەك . بالىلار ئارىسىدا يېقىنچىلىق بولسا نىمە بوپتۇ ، ئۇ دىگەن نورىمال

ئىشقۇ . خەلق چۆچەكلىرىنى ، تارىخىمىزدىكى ئاشىق مەشۇقلار ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ دېسە ، ئۇ ئاشىق مەشۇقلارنى تاكى گۈدەك 4-5 ياش ۋاقتىلىرىدىن باشلاپ بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان ، مېھرى چوڭقۇر قىلىپ تەسۋىرلەيمىز . بالىلىرىمىزنىڭ شۇنداق يېقىن دوستلىرى بولۇشىنى بولسا بىر قاراپلا چوڭلار ئارىسىدىكى مۇھەببەتكە ئوخشاش تەلەپتە باھا بېرىپ ، ئۇلارنىڭ بىرگە بولۇشىغا ھەر خىل توساقلارنى قۇرىمىز . تاس قالدۇ بەزىلەر ئالى مەكتەپكە چىقىپ قالغان بالىسىنىمۇ توسقىلى ... ياۋروپالىقلارغا قارايلى ، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بالىلىرىمۇ بىرەر ئولتۇرۇشقا بارسا ئۇسۇل ھەمراھى تېپىپ بىرگە بارىدۇ ، كۆپىنچە ئاتا ئانىسى بالىسىغا ياردەملىشىپ بالىسىنىڭ بىرەر يېقىن دوستىنى چاقىرىپ بېرىدۇ . بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرىمىزنىڭ نىمىشقا قىز ئوغۇللار بېقىشىپ ئوينايدىغان ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى كۆپىنچىمىز ئۇنتۇپ قالغان بولساق كېرەك . بۇرۇنلاردا نۇرغۇن قىز يىگىتلەر ئەنە شۇ ئۇسۇل ، مەشرەپ سورۇنلىرىدا تونۇشۇشاتتى ، ئۇسۇل ئارقىلىق ، ناخشا قوشاق ئارقىلىق بىربىرىگە يېقىنلىق بىلدۈرىشەتتى . ئەمدى بەزىلەر چوڭ بولۇپ توي قىلىۋېلىپلا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ قالدۇ ، بالىلارنىڭ مۇھەببەت قارىشىغا تەسىر قىلىۋاتقىنى ئاشۇ بالدۇر كۆرۈلگەن چوڭلار فىلىمى ، چوڭلار ھېكايىسى ئىكەنلىكىنى ، ئەملىيەتتە بالىلار ئارىسىدىكى بىرگە ئويناشقا ئىنتىلىش تۇيغۇسىنىڭ دەسلەپىدە شۇنچە ساپ ، گۈدەك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ ...

بۇنداق چوڭلار تەپەككۇرى بويىچە بالىلارنى كۆزىتىش ، باھالاش يالغۇز مۇشۇ تەرەپتىلا ئەمەس ، يەنە ئويلىنىپ باقساقلا نۇرغۇن ئەملىي مىساللىرىنى تاپالايمىز . يەنە شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى : بالىلار بالىلارچە تەپەككۇر بىلەن چوڭ بولسۇن . چوڭلار ئارىسىدىكى ساختىپەزلىكلەرنى ، ناھەقچىلىقلەرنى ، مۇھەببەت رومانتىكلىرىنى چوڭ بولغاندىن كېيىن كۆرسۇن .

بىر مائارىپ نەزىرىيىسى

تولۇقتىكى ۋاقتىمدا ناھىيىمىزنىڭ كىتاپخانىسىغا تولا بارىدىغان ، ھازىر تونۇشتۇرماقچى بولغىنىممۇ شۇ ۋاقىتتا كۆرگەن بىر كىتاپتىن ئېسىمدە قالغانلىرى . ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇۋالغانغا خوش بولۇپ يۈرۈپتىكەنمەن ، كېيىن تېپىپ ساقلاپ قوياي دېگەندە قانچە ئىزدىسەممۇ تاپالمىدىم . بەلكىم بەزى ئاتالغۇلاردا ئوخشىماسلىق بولىشى مۇمكىن ، ھەر بىر تىلغا ئېلىنغان ئاتالغۇنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىمەن ، ئەسلى كىتاپتىن چەتنەپ كەتكەن يەرلىرى بولسا چۈشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن .

بىر ئادەمنىڭ قانداقلىقى ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ ، ئۇ ئۇچرىغان تەربىيىنىڭ قانداقلىقىنىمۇ ئۇ كىشىنىڭ تۇرلۇك پائالىيەتلىرىدىن كۆرىۋالالايمىز . بۇ نوقتىدىن چىقىپ قارىغاندا تەربىيەنىڭ نەتىجىسىنى ، ئۇنۇمىنى كۆزىتىش باھالاشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى يەنىلا شۇ كىشىنىڭ ياكى شۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتىنى كۆزىتىش ، ئۇلارنىڭ تۇرلۇك تۇرمۇش ھادىسىلىرىدىكى ئىنكاسىنى كۆزىتىش ، ئوخشىمىغان ياش قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىنى كۆزىتىش . مەلۇم نوقتىدىن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى ساپا مائارىپىنىڭ مۇھىم تەلەپلىرىدىن بىرى ياش ئۆسمۈرلەر مەلۇم ياش باسقۇچىدىن يەنە بىر ياش باسقۇچىغا بارغاندا شۇ مەزگىلدە يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك قابىلىيەتلەر يېتىلدىمۇ يوق ؟ يېتىلىشكە تېگىشلىك ھەرىكەت ئالاھىدىلىكى ھازىرلاندىمۇ يوق ؟
مۇشۇنداق بىر تەلەپ ، نىشان تۇزۇپ چىقىش بىزدىن مائارىپ تەلىم تەربىيە ، ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەرىكەت ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار ھەققىدە ئىچكىرىلەپ نەزىرىيىۋى تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ . گەرچە بۇنداق نەزىرىيىۋى تەتقىقاتنى قىلغۇچى شۇ جەرياندا بىرەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى قىلغانچىلىك ئەمەلىي خىزمەت قىلمىغان بولسىمۇ ، ئۇ كىشىنىڭ تەتقىقاتىدىن قولغا كەلگەن بەزى يەكۇنلەر بەلكىم مىليۇنلىغان باشلانغۇچ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەلىپ تەربىيە خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن .

دەل مۇشۇنداق مائارىپ نەزەرىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئامېرىكىلىق (جوڭگولۇقنىڭ ئەۋلادى ) ياش ئالىم ئامېرىكىدا دوكتورلۇقنى تۈگەتكەندىن كېيىن داۋاملىق قېلىپ خىزمەت قىلىش جەريانىدا 4 ياشلىق بالىسىنى ئامېرىكىغا ئېلىپ چىقىپ ئامېرىكا مائارىپىدا تەربىيىگە بەرگەن . بىر دادا ھەم بىر مائارىپشۇناس بولۇش سۈپىتى بىلەن بالىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ۋە مۇشۇ جەرياندىكى مەكتەپ تەربىيىسى ، ئامېرىكا مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن جوڭگو مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ پەرقلىرى بۇ كىشىنىڭ دىققەت مەركىزى بولۇپ قالغان ھەم نەچچە يىللىق كۆزىتىش ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئامېرىكا مائارىپى بىلەن جوڭگو مائارىپىنىڭ پەرقىنى ھېس قىلغان ھەم مۇشۇنداق پەرىق كېلىپ چىقىشتىكى سەۋەپلەرنى نەزەرىيىۋى نۇقتىدىن چىقىپ تونۇشتۇرغان .

مۇئەللىپ كىتابنىڭ بېشىدىلا شۇنداق بىر مەسىلىنى تىلغا ئالىدۇ :
ئولىمپىك ماتېماتىكا مۇسابىقىسىدە دائىم چېمپىيونلۇقنى قولدىن بەرمەيدىغان جوڭگو ئوقۇغۇچىلىرى ئالى مەكتەپكە چىققاندىن كېيىنلا ئېپادىسى بەكلا ئادەتتىكىچە بولۇپ قالىدۇ . بۇ زادى نېمە ئۈچۈن ؟ ئولىمپىك ماتېماتىكا مۇسابىقىسىدە دائىم چېمپىيۇنلۇقنى قولدىن بەرمەيدىغان بىر دۆلەتتىن ھازىرغىچە نوبىل مۇكاپاتى ئالغۇدەك ئادەم چىقمايدۇ ، بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ جوڭگونىڭ ئوتتۇرا باشلانغۇچ مائارىپى ئولىمپىك ماتېماتىكا چېمپىيۇنلىرىنى تەربىيىلەپ چىقالايدۇيۇ ، جوڭگو ئالى مائارىپى شۇ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنى نېمىشقا نوبىل مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى قىلىپ چىقالمايدۇ ؟
مۇئەللىپ ئادەمنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئوخشىمىغان نۇقتىدىن چىقىپ تۆرۈپ تۆت تۈرگە بۆلگەن ھەم بۇنى تىك بۆلۈڭلۈق كوردىنات سىستېمىسىغا ئورۇنلاشتۇرغان . بۇ كوردىنات سىستېمىسىنىڭ ماتېماتىكىدىكى كوئوردىنات سىستېمىسى بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى كوئوردىنات چارەكلىرىنىڭ تەرتىپىدە . بىزنىڭ بۇ كوئوردىنات سىستېمىمىزدا سول تەرەپ ئاستىنقى قىسىم بىرىنچى چارەك ھېساپلىنىدۇ ، ئاندىن سائەت ستىرىلكىسىنىڭ قارشى يۆنىلىشى

بويىچە ئايلىنىمىز .

بىز بىلىمىز ، يەسلىدىكى بالىلار ھەم باشلانغۇچنىڭ تۆۋەن يىللىقىدىكى بالىلاردا بولىدىغان ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدا ، بۇ بالىلارنىڭ كاللىسىغا كېلىدىغان خىياللارنىڭ ھەر خىللىقىغا ھەيران قالىمىز ، دائىم چوڭلار خىيالغا كەلتۈرۈپ باقمىغان پىكىرلەر ئاشۇ سەبىي بالىلارنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولىدۇ . شۇنى جەزىملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ئۇلارنىڭ بۇ خىياللىرى ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئۆزلىكىدىن پەيدا بولغان ، بۇ يەردىكى ئۆزلىكىدىن پەيدا بولغان دېيىشىمىز بالىلارنىڭ بۇ خىيالىنىڭ باشقىلارنى دوراش ياكى باشقىلارنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن ئەمەس بەلكى سىرتتىقى مۇھىتتىن قوبۇل قىلغان ئۇچۇرلارنى ئۆزىنىڭ ئاددى كاللىسى بىلەن بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن ھاسىل قىلغان يەكۈنلىرىگە قارىتىلغان . ھەم بۇ توغرىسىدا ئىشلەنگەن تۈرلۈك سىناقلارمۇ بار ، ھەممىمىز بىلىدىغان مىساللارنىڭ بىرى بىر مۇئەللىم دوسكىغا بىر يۇملاق چەمبەردىن بىرنى سىزىپ بالىلاردىن ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغاندا بالىلاردا تۈرلۈك تۈمەن جاۋابلار كۆرۈلگەن ، مەسىلەن ئاي ، قۇياش ، نان ، يۈز ... دېگەندەك . چوڭ ئادەملەردىن سورىسا كۆپىنچە ئادەملەر چەمبەر دەپ جاۋاب بەرگەن . دەل شۇنىڭدەك ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن تاكى ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى يېتىلگەندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى ئاساسەن يۇقىرىقىدەك ئەركىن ، مۇستەقىل پىكىرنى ئاساس قىلغان بولىدۇ ، بۇ پىكىر باشقىلارنىڭ مەجبۇرلىشىغا ئۇچرىمىغان ، ھەم باشقىلارنى دوراش تۈپەيلىمۇ ئەمەس ، دەم بۇ بالىلارنىڭ بۇ پىكىرلەردە بولىشى ئاللىقاندقتۇر مۇھىم ئىشلارنى مەجسەت قىلغانمۇ ئەمەس . بىز ئادەمنىڭ مۇشۇ خىلدىكى پائالىيەتلىرىنى مەقسەتسىز مۇستەقىل پائالىيەت دەپ ئاتايمىز .

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر نەچچە ياش يۇقىرىغا ماڭايلى ، بىز بۇ باسقۇچقا كەلگەندە بالىلاردا ئىختىيارسىز ھالدا دادىسىنى ، ئاپىسىنى ياكى ئۆزى ياقتۇرىدىغان بىرەر تۇغقىنىنى ، مۇئەللىمىنى ياقتۇرىدىغان ، ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىنى دورايدىغان ھالەتنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز . بۇ خىل دوراش پۈتۈنلەي ئاڭسىز بولۇپ ، بۇ بالىلارنىڭ چوڭلۇقىقا ، يېتىلىشكە بولغان

www.docin.com

ئىنتىلىشىنىڭ تۈرتكىسىدە كېلىپ چىققان ، ئۇلار مەنمۇ شۇلاردەك چوڭ بولسام ، شۇلاردەك قالتىس ئىشلارنى قىلسام دىگەن ئارزۇ ئۈمىدىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنى ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى شۇ كىشىگە ئوخشاش قىلىپ تۇزۇشكە تىرىشىدۇ ، بىلىش كىرەككى باللارنىڭ بۇ باسقۇچقا قەدەم قويىمىقى ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ، باللار گەرچە مەقسەتسىز بولسىمۇ تۇنجى بولۇپ چوڭلار تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلىشنى باشلىدى ھەم كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە تۇرلۇك ئارزۇ ئارمانلار بىخ ئۇردى . بۇ باسقۇچ بەلكىم 7ـ8 ياشتىن تارتىپ 11ـ12 ياشقىچە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كىيىنكى ۋاقىتقىچە داۋاملىشى مۇمكىن .

بۇنىڭدىنمۇ بىر نەچچە ياش يۇقىرىغا قاراپ ماڭساق بىز يەنىمۇ پىشىپ يىتىلگەن بىر بالىنى كۆرىمىز ، بۇ باللار ئەمدى كەلگۈسى ھەققىدە خېلىلا ئېنىق قاراشقا كەپ بولغان ، ھىچبولمىغاندا ئۆزىنى شۇنداق بولۇپ بولدى دەپ قارايدىغان باللار ، بۇ باللار جەمىيەتكە نىسبەتەن مەلۇم قاراشلارغا ئىگە ، جەمىيەتنىڭ شەخسلەرنىڭ ئىش پائالىيەتلىرىگە بولغان تەلەپلىرىنى ئاز تولا چۈشەنگەن ، كىشلىك مۇناسىۋەتتە دىققەت قىلىشقا تىگىشلىك بەزى نەرسىلەرنى ئاز تولا ھىس قىلىۋاتقان بولىدۇ . شۇڭا بۇلارنىڭ ھەرىكىتى كۆپىنچە مەقسەتلىك ھالدا ئۆز سۆز ھەرىكىتىنى چوڭلار تۇرمۇشىغا ماسلاشتۇرۇشنى نىشان قىلغان بولىدۇ . بۇمۇ ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر باسقۇچ ، مۇشۇ باسقۇچتىن ئۆتمىگەن كىشى باشقىلار تەرىپىدىن چوڭ بولدى دەپ قوبۇل قىلىنمايدۇ . بۇ باسقۇچتا باللار قانداق گەپنى قىلسا بىر دوستىنىڭ خاپا بولىدىغانلىقىنى ، بەزىدە يالغان گەپ قىلىشنىڭمۇ زۆرۈر بولىدىغانلىقىنى ھىس قىلىدۇ . يەنە ياخشى گەپلەر بىلەن باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنىمۇ ئۆگىنىدۇ . مەقسەتلىك ھالدا چوڭلارنى دوراپ تۇرۇپ چوڭلار تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىشنى ئىزدەيدۇ . بۇ دەل بىزنىڭ كوئوردىناتىمىزنىڭ ئۈچىنجى چارىكى : مەقسەتلىك دورىما ھەرىكەت باسقۇچى .

بۇنىڭدىن كيىن كېلىدىغىنىمىز بولسا تۆتىنجى چارەك . بۇ چارەككە كېلىش بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي پىشىپ يىتىلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ، بۇ باسقۇچقا يەتكەن كىشى مەيلى تۇرمۇشىدا ،

كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بولسۇن ياكى خىزمەتتە بولسۇن هامان ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قارىشى بولىدۇ ، ئىشلىرىنى مەقسەتلىك ، پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرالايدۇ شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز بۇنداق كىشىدە يەنە كىچىك باللاردا بولىدىغان سەبىي تەسەۋۋۇرلارنىڭمۇ كەم ئەمەسلىكىنى بايقايمىز . چوڭلار بىلەن بىرگە دۇنيا ۋەزىيىتىدىن مۇنازىرىلىشىش ، كىچىكلەر بىلەن بىرگە ئاددى ئويۇنلارنى بىرلىپ ئويناش ، خىزمەتنى پىلانلىق ، سىستىملىق ئورۇنلاشتۇرۇش ، باشقىلار خىيالىغا كەلتۈرەلمەيدىغان يېڭىچە تەسەۋۋۇرلار بىلەن قىيىنچىلىقلارنى ، مەسىلىلەرنى هەل قىلىش بۇ خىلدىكى كىشلەرنىڭ مۇهىم ئالاهىدىلىكلىرىنىڭ بىرى .

ئەگەر يۇقىرقى تۆت خىل پائالىيەت هەققىدىكى بايانلار ئېنىق بولغان بولسا يەنە شۇنى تەكىتلەش كىرەككى بىزنىڭ بۇ تۆت خىل پائالىيەتنى تۆت بۆرجەككە تىزىپ قويىشىمىز هەممە ئادەملەرنىڭ مۇشۇ تۆت باسقۇچنى جەزمەن بېسىپ ئۆتىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.هەممىمىز ئۆزىمىز ۋە ئەتراپىمىزدىكى كىشلەرنى مۇشۇ نەزىرىيىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچەپ باقساقلا هىس قىلالايمىز ، ياش 30-40قا بارغاندىمۇ يەنىلا مەقسەتلىق دورىما پائالىيەت باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان كىشلەر ناهايىتى نۇرغۇن .

يەنە بىر تەرەپتىن بىر ئادەم مەلۇم بىر باسقۇچتا دېيىش شۇ ئادەمنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى شۇ چارەكتىكى ئالاهىدىلىك بويىچە دىگەنلىك ئەمەس ، مەسىلەن بىر ئادەمنى مەقسەتلىك دورىما هەرىكەت ئالاهىدىلىكىگە ئىگە دىگەنلىك پەقەت بۇ كىشىنىڭ پائالىيەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئۇمۇمى ئالاهىدىلىككە ئاساسەن چىقىرىلغان يەكۈن ، هەرگىزمۇ بۇ كىشىنىڭ هەممە ئىشلىرى شۇنداق دىگەنلىك ئەمەس ، بەلكىم بۇ كىشىنىڭ بىر قىسىم پائالىيەتلىرىدە مەقسەتسىز دورىما هەرىكەت ئالاهىدىلىكى كۆرىلىشى مۇمكىن ، بەزىدە بۇ كىشىدە يەنە مەقسەتلىك مۇستەقىل هەرىكەت ئالاهىدىلىكىمۇ كۆرىنىشى مۇمكىن ، تۆت چارەك ئارىسى مۇتلەق ئۆتكىلى بولمايدىغان توساق ئەمەس .

# پەرزەنتلەرنى كىتابقا ھېرىسمەن قىلىش كېرەك

يوللىغۇچى: **kuraxqanohlan**

يوللىغان ۋاقىت: **00:02 11/3/2007**

كىتاب ئەقىل پەرزەنتىدۇر.

ژ. سفىت

پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن باشلاپ كىتاب دۇنياسىغا باشلاپ كىرىش، ئۇلاردا كىتابقا مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئورنىتىش پەرزەنت تەربىيىسىدە قەتئىي ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تەربىيىلەش ئۇسۇللىرىدىن بىرى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاتا-ئانىلار كىتابنىڭ قىممىتى، ئۇنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى رولىنى توغرا تونۇشى كېرەك.

بىلىش كېرەككى، كىتابنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي بايلىقلىرىنى مەڭگۈلۈك مىراس قېلىشنى زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتتى. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەت مۇساپىسىنى يورۇتقۇچى جاھانىنەما بولۇپ خىزمەت قىلدى. شۇڭا يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشىدىن بۇرۇنقى تارىخنى قاراڭغۇ تارىخ دەيمىز. كىتاب ئىنسانلارنىڭ بىلىش نەتىجىلىرى، ئەقلىي جەۋھەرلىرىنى يورۇتقۇچى مەشئەل بولدى، شۇنداقلا ئۆتمۈشنى بۈگۈنگە، بۈگۈننى كېلەچەككە تۇتاشتۇرىدىغان قۇدرەتلىك كۆۋرۈككە ئايلاندى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھايات مۇساپىسىدە دۇچ كەلگەن قاراڭغۇلۇقلىرىنى يورۇتقۇچى چىراغ، يۇقىرى ئۆرلەش يولىدىكى شوتا، ئەقىل-پاراستى ئۈچۈن ئاچقۇچ، بىلىم قۇرۇلمىسى ئۈچۈن چەكسىز خەزىنە بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىر ئەمەسكى، تارىختا بارلىققا كەلگەن ھەرقانداق بىر ئالىم كىتابقا تايانماي تۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغان ئەمەس. ئۇلار ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرىدىن مول ئوزۇق ئېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسى ۋە ئەقىل-پاراستى بىلەن يۇغۇرۇپ تاكامۇللاشتۇرغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان. «كىتابخانلىق لەززىتى ۋە

سەنئىتى» دېگەن ئەسەردە يېزىلىشىچە، ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن سۇلايمان پادىشاھ مۇنداق چاقىرىق قىلغانىكەن: «كىتابنىڭ پەيدا بولۇشى مەڭگۈلۈك چەكسىزلىك.» «باسما ماتېرىيال بىزنىڭ ھەقىقەت دۆلىتىگە كىرىشىمىزنىڭ يول خېتى، دۆلىتىمىزدە ئەڭ كىچىك كۇتۇپخانىلار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەزىنە، بىلىم دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ خاسىيەتلىك تەرجىمھالى.» يۇقىرىقى كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېيىلگەن: «كىتاب بولمىغان دۇنيا ھېچقانداق بوستانلىق بولمىغان قۇملۇققا ئوخشاش، بۇنداق دۇنيادا ئىنسانىنىڭ گەۋدىسى بەلكىم ساقلىنىپ قالار، لېكىن ئۇنىڭ روھىنى ھەرگىز سۇغىرالمايدۇ. تەربىيىلىنىش يوق مۇھىتتا ناھايىتى تېزلا قۇرۇپ ئۆلۈپ قالىدۇ.» يۇقىرىقى بايانلار ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، يەر شارىدا ساقلىنىۋاتقان ھەرقانداق قىممەتلىك خەزىنىمۇ كىتاب ئارقىلىق ساقلىنىۋاتقان بىلىم خەزىنىسىدىن قىممەتلىك بولالمايدۇ.

ئۇنداق بولسا كىتابنىڭ پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشتىكى رولى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

بىرىنجى، كىتاب پەرزەنتلەرگە سىلەر بېرىشكە قادىر بولالمىغان ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى بېرىدۇ، ھەتتا مەكتەپ بېرەلمەيدىغان بىلىملەرنى بېرەلەيدۇ. كىتاب ئارقىلىق بالىلار دۇنيانى چۈشىنىدۇ، ئادەملەرنى چۈشىنىدۇ، ياشاشنى ئۆگىنىدۇ.

ئىككىنجى، كىتابنىڭ رولى نەزەرىيە جەھەتتىن ئەمەس، مۇھىمى ئەمەلىيەت جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. كىتاب بىلىش قىممىتىگە، تەربىيىلىنىش قىممىتىگە ۋە تەپەككۇرنى چېنىقتۇرۇش قىممىتىگە ئىگە. پەرزەنتلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى چېنىقتۇرۇشقا كىتابتىن ياخشى قورال يوق. چۈنكى كىتاب ئوقۇش جەريانى ماھىيەتتە تەپەككۇر قىلىش جەريانى. بالىلار كىتاب ئوقۇۋاتقاندا توختىماستىن پىكىر قىلىدۇ، تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، ھۆكۈم قىلىدۇ، باھالايدۇ، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىدۇ. شۇڭا، ئامېرىكىلىق ئوقۇتۇش مۇتەخەسسىسى C . R . شىروۋ «ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تەرمىلەر» ژۇرنىلىدا كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرغان كىتابچىنى ئېلان قىلغان. ئۇنى «ئوقۇش بىر تەپەككۇر جەريانىدۇر» دەپ ئاتىغان. كىتابنى كۆپ ئوقۇغان بالىلارنىڭ مەنتىقىي تەپەككۇرى ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. كىتاب ئوقۇمايدىغان بالىلارنىڭ تەپەككۇرى بارا-بارا دات باغلاپ قاتماللىشىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، مۇلاھىزە قىلىش، ئۇنىڭغا باھا بېرىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ

كېتىدۇ-دە، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى بولمايدۇ، نەتىجىدە ئۇلار «ماقۇل» دەيدىغان ياغاچ قونچاقتا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى، كىتاب ئىجاد قىلىش ۋە يېڭى بىلىملەرنى مەيدانغا چىقىرىشنىڭ بۆشۈكى.

تۆتىنچى، كىتاب بۇرۇقتۇرمىلىق مۇھىتتىن سىرتلارغا ئېلىپ چىقىپ ساياھەت قىلدۇرىدىغان ئۇچقۇر كېمە. ئۇ ئۇلارنى باشقىلارنى قەلب دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ، قەدىمكى دەۋرلەرگە باشلاپ بېرىپ دانالار بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ، دۇنيا بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. دۇنيادا ھېچقانداق ئادەم كىتاب سەير قىلدۇرغان دۇنيانى ئەمەلىيەتتە سەير قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. كىتاب پەرزەنتلەرنىڭ ئالەمنىڭ ئىچكى ماھىيەتلىرىنى چۈشىنىشىگە ھەم زېمىن ھازىرلايدۇ.

بەشىنچى، كىتاب پەرزەنتلەرنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇش، ئەخلاقىي كەيپىياتىنى ساغلاملاشتۇرۇش، روھىنى ئۇرغۇتۇش، ئېغىر كۈنلەرگە قالغاندا ئۇلارغا سىرداش بولۇش رولىنىمۇ ئوينايدۇ.

ئالتىنچى، ياخشى كىتاب بالىلارنى بۇرۇقتۇرمىلىقتىن، ئۈمىدسىزلىكتىن، زېرىكىشتىن ئازاد قىلىدۇ.

يەتتىنچى، كىتاب ھاردۇق چىقىرىش، ئېستېتىك زوق بېرىش، ھاياجانغا چۆمدۇرۇش رولىغا ئىگە.

سەككىزىنچى، كىتابقا بېرىلگەن بالىلار ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك بولۇپ، تەمكىن خىراكتېرنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. ئۇلار بىكار ۋاقتىنى مەنىسىز ئويۇنلار بىلەن ئەمەس، بەلكى كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ يامان يولغا كىرىپ قېلىشىنى زور دەرىجىدە تىزگىنلەيدۇ.

شۇڭا ھۆرمەتلىك ئاتا-ئانىلارغا تەۋسىيەمىز شۇكى، گەرچە ئۆزىڭىز كىتاب ئوقۇمىسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىز چۈشەنمىسىڭىزمۇ، پەرزەنتىڭىزنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى بوغماڭ، ئىمكانىيەت بولسىلا ئۇلار ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىڭ. ئۆيىڭىزدە زىننەت ئۈچۈن تىزىپ قويۇلغان خرۇستال قاچىلار، گىلەم ۋە باشقا ھەشەمەتلەر ئەمەلىيەتتە بىر كىتابنىڭ زىننەتچىلىك قىممەتكە ئىگە ئەمەس. دانىشمەنلەر «كىتابسىز ئۆي جانسىز تەن»، «قايسى ئائىلىدە كىتاب ئوقۇلمىسا ئۇ مەزمۇنەن مۇكەممەل ئائىلە بولالمايدۇ» دېگەن. بالىلارنى ياخشى كۆرسىڭىز ئۇلارنى كىتاب كىتاب ئوقۇش بەختىدىن مەھرۇم قىلماڭ. بىت. سىرق مۇنداق دېگەن: «دۇنيادا ئەڭ بەختسىز ئادەم ئاشۇ ياخشى كىتابنى ئوقۇپ ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك روھنى قاندۇرىدىغان لەززەتتىن بەھرىمەن بولالمىغان ئادەمدۇر.» سىز كىتاب

ئارقىلىق ئىگە بولىدىغان بەختتىن قانچىلىك بەھرىمەن بولالىدىڭىز؟ ئۆيىڭىزدە بىرەر كىتاب جاھازىسى بارمۇ؟ جاھازىڭىزدا قانچىلىك كىتاب بار؟ بۇ ئۆزىڭىزنىڭ مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىڭىزنى، ئىلىم-پەنگە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىڭىزنى، پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ تەربىيىلىنىشىگە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىزنى ئۆلچەپ كۆرۈشىڭىز ئۈچۈن مۇھىم سىناق. سىز ھېچ بولمىغاندا بالىلارغا كىتابنىڭ رولىنى ۋە قىممىتىنى چۈشەندۈرگىدەك چۈشەنچىگە ئىگە بولۇڭ.

نەسىھەتتىن نەمۇنە

بالام، كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەنگىن. كىتاب دېگەن بەك ئۈلۈغ نەرسە. ئۇ مەنىۋى نازۇ نېمەتلەر تويلانغان سېھىرلىك «ئېچىلىڭ داستىخان»دۇر. ئۇيغۇر خەلقى كىتابخۇمار خەلق. ئۇيغۇرلاردا كىتابنىڭ دۇنياغاكېلىشى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇر خەلقى كىتاب ئارقىلىق دۇنيانى چۈشەندى، كىتاب ئارقىلىق دۇنياغا ئۆزلىرىنى نامايان قىلدى. كىتابنى تارقىتىش، كىشىلەرنى كىتاب ئوقۇشقا ئىشتىراك قىلىش ۋە كىتاب ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن مەرىپەتپەرۋەر بايلار يېنىدىن پۇل چىقىرىپ كىتابلارنى كۆچۈرۈپ تارقىتاتتى. شۇنداقتىمۇ بىر كىتاب پەقەت بىر ياكى بىر قانچە نۇسخا تارقىتىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايتتى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇنلا مىخ مەتبەئە ئارقىلىق كىتابنىڭ تېز ۋە كەڭرى تارقىلىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان. خەلقىمىزنىڭ كىتابخۇمارلىقىدىن بۇنىڭدىن مىڭ، مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇن يېزىلغان كىتابلار شۇنداق ياخشى ساقلانغان. شۇ كىتابلار بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ نۇرۇغۇن ئوردا-ساۋايلار ۋەيران بولدى، بىراق ئۇ كىتابلار يەنىلا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. ھازىر مانا قانداق كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇيمەن دېسەڭ شۇنداق كىتابلار تېپىلىدۇ. دۇنيادا ھازىر 40مىليون خىلدىن ئارتۇق كىتاب ساقلانماقتا. شۇ كىتابلاردىن تاللاپ ئوتتۇقلۇق پايدىلىنىش جەمئىيەت ساڭا ئاتا قىلغان ئاجايىپ بۈيۈك ھوقۇق، بالام. بۇ ھوقۇقۇڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالمىساڭ ئەڭ چوڭ مەھرۇملۇق ۋە بەختسىزلىك.

ماتېرىيالدىن ئېلىندى

## بايانات

بۇ ئەسەرلەر بىلىك تورىغا خالىس تۆھپىكارلار تەرىپىدىن يوللانغان نادىر تېمىلار بولۇپ ،بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەرقانداق ھوقۇقى ئەسلى ئاپتورغا تەئەللۇق. تۈزۈلگەن ئېلكىتاپ پەقەت قىزىققۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن تەمىنلەندى،ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ بۇنىڭدىن سىرىت سودا ياكى باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىلىشىگە بولمايدۇ. قانۇنسىز ئىشلىتىش سەۋەبىدىن بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە بارلىق ئاقىۋەتكە ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ .!

ئېلكىتاپ تۈزگۈچى بۇ جەھەتتە ھەرقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ !

ئەگەر ئاپتورلۇق ھوقۇقۇمغا تەسىر يەتتى دەپ قارىسىڭىز ئېلكىتاپ تۈزگۈچى بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ .ئېلكىتاپ توردا تەمىنلەشتىن توختىتىلىدۇ. ئېلكىتاپقا نىسبەتەن ھەرقانداق پىكىر تەكلىپىڭىز بولسا ئېلكىتاپ تۈزگۈچى بىلەن ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ

ئېلكىتاپ تۈزگۈچى :تەڭرىتاغ ئوغلى

Email: uqkun_2008@163.com

QQ: 934695978

2008-يىلى 2-ئاينىڭ 25-كۈنى

www.docin.com